
عاقسۇ عەدەبىياتى
4
1988



ئۆگەن دەرياسى



كۇچا «قۇرۇق چۆل» دىكى تور



داي بىلەن
كونىشەھەر
ئارىلىقىدىكى
«توغراق دەڭ»
مىڭ ئۆي

# ئاقسۇ ئەدەبىياتى

1988 - يىل 4 - سان
( ئومۇم 36 - سان )
(توققۇزىنچى يىل نەشرى)

## مۇندەرىجە


شېئىرلار ........................ ( شېئىر ) .......... تۇنىياز مەتنىياز 1
كېپەك مەزىن ..................... ( ھېكايە ) .............. ئىمام مەھەممەت 5
ھېكايىلەر ........................ ( » ) ......... ئابدۇرېھىم ئابلىمىت 17
شېئىرلار ........................ ( شېئىر ) ......... مۇتەللىپ خۇرسەندى 23
ئۈچ شېئىر ..................... ( » ) ............. مۇقاررىپ يەھيا 24
قەلبىم ياشلىرى ................ ( » ) ............... جېلىل خېلىل 26
شېئىرلار ........................ ( » ) ................ ئەھەت ھاپىز 27
شېئىرلار ........................ ( » ) ........... ئەخمەتجان ئوسمان 29
تۈن ساھىلىدا ئېيتقان ناخشىلار ... ( » ) ............. ئەخمەتجان سادىق 30
ساداقەت ......................... (ئوچېرك) ................. ئېزىز ساۋۇت 32
ئەسلىمىلەر ..................... ( ئەسلىمە ) ................. غوجامبەگ 57
نەسىرلەر ....................... ( نەسىر ) ........... تۇرگېنېۋ [روسىيە] 67
سوۋغات ......................... ( ھېكايە ) ................. جۇ جەنپىڭ 70
شېئىرلار ........................ ( شېئىر ) ............. ئىبرايىم قۇربان 71
ئۈچ شېئىر ...................... ( » ) ................ مۇختەر داۋۇت 72
ئالىمنى ......................... ( » ) مەھەممەت ئىمىن غوپۇر شەيدايى 74
ئۈچ شېئىر ...................... ( » ) .............. خادىمايىم ياقۇپ 75
سەھەردىكى ئۆتكۈنچى شامال ... ( » ) ................. تۇردى نىياز 76
ھاياتلىق يولى .................. ( ھېكايە ) ............... تۇرغۇن ئىسلام 77
ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى ۋە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ...( ماقالە )........... ئىسلامجان شىرىپ 82

قايناق شېئىرنى ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان قىسقا شېئىرلار ...... (ئوبزور) ........ تۇردى ئەبەيدۇللا، ئابدىكېرىم موللا 92
تەقسىمات ........ (ھېكايە) ........ ئادىلجان تۇنىياز 94
ئانا يەر يادى ........ (شېئىر) ........ مەھەممەت خېۋىر 96
شېئىرلار ........ ( » ) ........ ئابدىرېھىم زاھىدى 97
ئىككى شېئىر ........ ( » ) ........ ياسىن ئەمەت 98
بەيگە سوۋغىسى ........ (پوۋېست) ........ ئامانگۇل مامۇت 101
خۇشخەتلەر ........ (خۇشخەت) ........ تۇرسۇنجان قۇربان 107
ئېمىر شاھ بەگ ........ (چۆچەك) ........ 108

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ...... يېشىل ھايات [ئىۋنەنئۇن فوتوسى]

قىستۇرما رەسىم ۋە خۇشخەتلەرنى: ئابلا توختى سىزغان ۋە يازغان

# شېئىرلار

## تۇنىياز مەتنىياز

### ئادەملەر ۋە ئادەملەر

ھايات شۇنداق ئۆز يولىدا ئۆتىدۇ،
سەندىن ھەر چاغ ساپ نىيەتنى كۈتىدۇ.
مەيلى تاللا ئۆز ئەركىڭدۇر ھەممىسى
تارىخ ھامان ئۆز بېتىگە پۈتىدۇ.

ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان يوسۇن شۇ،
مەيلى ئالىم، مەيلى زالىم نامى تىلغا كۆچىدۇ.
ۋە لېكىن بار ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى،
ياخشىلارنىڭ نامى قېلىپ يامانلارنىڭ
ئۆچىدۇ...

ئەي ئادەملەر تەقدىر دېمەز شۇنچىلىك،
نېسىپ بولماس بارچە بىزگە ئەبەدىلىك.
نېسىۋىمىز – ھالاللىق ۋە ئەجىردىن،
باغ ياراتماق مېۋىلىرى شەربەتلىك.

لېكىن بىزدە باركى شۇنداق ئادەملەر،
ھەسەت بىلەن ئۆز قەلبىنى داغ قىلغان.
تېنىم تاپماي ئۆمۈچۈكتەك كاتەكلەپ،
ھەر كاتەككە تىكەن تېرىپ باغ قىلغان.

شۇ ئەجىردىن ھوسۇل ئېلىپ گاھىدا،
قازان بىلەن چۆمۈچىنى ياغ قىلغان.
بازار تاپقاچ ئەل ئىچىدە رەزىلىك،
ۋىجدان سېتىپ تۆھپىسىنى تاغ قىلغان.

ۋە لېكىن بار يەنە شۇنداق ئادەملەر،
سىماپ ئوخشاش پارقىراق ھەم سۇيۇقتۇر.
گەر قارىساڭ سۇپىتىگە كۆزۈڭ لال،
ئەمما ماڭغان يولى شۇنچە تويۇقتۇر.

سىماپ شۇنداق ئۆز جىسمىدۇر، يۇمشاقتۇر،
يوقتۇر ئۇنىڭ ھېچبىر شەكىل – سىپاتى.
قاچىلانسا قانداق شىشە، نە يىڭنىگە،
ئوخشار ھامان شۇ نەرسىگە سىياقى.

قىزىق يېرى شۇكى ھەيران قالغۇدەك،
ئىسسىق بىلەن سوغۇققا ئۇ بەك ھوشيار.
سەللا ئىسسىق سەزگەن ھامان ئۆرلەيدۇ،
بۇ خىسلەتتە بەزىلەرگە بەك ئوخشار.

باركى بىزدە يەنە شۇنداق ئادەملەر،
«ئەسسالام» نى ھەركىمىز بىكار دېمەيدۇ.
ھەر سالامنىڭ ئارقىسىدا بىر مۇددىئا،
مۇددىئاسىز ساڭا سالام بەرمەيدۇ.

سورايتىكەن زامانلاردا بىر ئاقىل،
ئەپەندىمدىن: دوستۇڭ قانچە بىلەمسەن؟
دەپتۇ شۇئان ئەپەندىمۇ جاۋابەن:
قازىلىقتىن چۈشكەن چېغىم بىلەرمەن.

«ئاق پىيازنىڭ پوستى تولا» بولغاندەك،
قازى چېغىمنىڭ دوستۇڭ بولار ساناقسىز.
شۇ دوستلىرىڭ گويا سەيياد – بىر ئوۋچى،
بېلىق تۇتار دەريادىنمۇ قارماقسىز.

قازىلىقتىن چۈشكىنىڭدە بىرسى يوق،
ھەق ئالدىدا سېنى ئەسلا تونىماس.

قىممىنى ئۇنىڭ دوستلۇق ئۇچۇن ئەھدىسى؟ —
«دوستلىقىمىز مەڭگۈ ياشنار، بۇزۇلماس».

شۇ ۋەدىلەر ئەسىر ئەتكەچ ئۆز ئارا،
ئادەملەرنىڭ دىل رايىنى — مەيلىنى.
تۇتاشتۇرار ئىختىيارسىز، تۈگۈندەك،
بايقىغىچە بىر — بىرىنىڭ پەيلىنى.

ئارىمىزدا باركى شۇنداق ئادەملەر،
بىر — بىرىنى ئالداش بىلەن نەپ ئالغان.
بىلەلمىدىم بۇ سودىنىڭ سىررىنى،
قايسى «ئۇستاز»، قايسى «پىر» دىن قېپقالغان؟

ئويلايمەنكى يوقتۇر ئۇنىڭ ئۇستازى،
بولسا ئەگەر شاگىرتى كۆپ بولمامدۇ...؟!
تەلىم ئالسا پەسكەشلەردىن شاگىرتلار،
جاھان بۇ چاغ رەزىللىككە تولمامدۇ؟

سانى چەكلىك، لېكىن زىيىنى ئاز ئەمەس،
ئازلىق قىلار مىڭ ئادۇۋكات ئاقلاشقا.
گەر چۈشكەندە رەزىللەرنىڭ تورىغا،
ئامالى يوق «خۇدا» نىڭمۇ ساقلاشقا...

ئېچىنىمەن ئەي ئادەملەر سىلەرگە،
نادانلىقتا ئەلنى ۋەيران قىلماڭلار.
كاساتلىشار ھامان بىر كۈن سوداڭلار،
بۇ چاغ داغدا — نادامەتتە يۈرمەڭلار.

### گور تالاشساڭ...

يول تالاشساڭ، يولنى ئۆتۈندۈم،
تۆر تالاشساڭ، تۆرنى ئۆتۈندۈم.
كۆرۈپ مۇشۇ غەيرى ھالىڭنى،
ئەجەبلەندىم، بەكمۇ ئۆكۈندۈم.

قوغلاشقاندەك مۇشۈكلەر ھەريان،
خىرىس قىلساڭ بىلگەندىم شۇئان.

تۇغۇلۇپتۇق شۇ يۇسۇن بىلەن،
يېتىشەر دەپ بۇ كەڭرى جاھان.

بىلسەم خۇيۇڭ — كۆڭلۈڭ تار ئىكەن،
مەنمەنچىلىك ساڭا يار ئىكەن.
بولمىغاندەك مەسچىتتە مورا،
بۇ كېسەلگە دورا قايدىكەن؟!

دوختۇر ئىزدەش ئاڭا بىھاجەت،
بۇ كېسەلگە كىم قىلار تاقەت.
قاچان تەككەن بولغىيتتى ساڭا،
ھەسەت ئاتلىق بۇ كېسەل — ئاپەت.

داۋا ئىزلەپ ئالەم چۆرگىلەي،
شىپا تاپساڭ سەندىن ئۆرگىلەي.
گەر تاپمىساڭ ئۇنىڭدا شىپا،
گور تالاشساڭ گورنى ئۆتۈنەي.

بارمىسۇن ئۇ كېسەل سەن بىلەن،
تىلسىراتتىن ئۆتكىن پەم بىلەن.
تۆر تالاشساڭ مۇنكۇر — نۆكىردىن،
ئۇ، ئۇرارمىش بازغان — دەم بىلەن.

ئىككى ئالەم كەڭ قورساق بولغىن،
دىيانەتتە خىسلەتكە تولغىن.
چىشلەپ تىپەر ئادەتلىرىڭنى،
ھايات چېغىڭ كېپەنلەپ قويغىن.

### راست ۋە يالغان

ئالەمدە راست بىلەن يالغانلار تولا،
مەن دەيمەن پەقەت ئىككى نەرسە راست:
بىرى — سېنىڭ ئىڭراپ تۇغۇلغىنىڭ،
يەنە بىرى — سېنىڭ مەغرۇر ئۆلگىنىڭ راست.
ئىشەنمىسەڭ قارا سەنمۇ شۇ بوۋاققا،
ئېسىڭدىدۇر ئۇنىڭ ئاچچىق ئىڭراشلىرى.

ئۆلى تۇغقان ئانا شۇ چاغ پەرياد چەكسە،
شاتلىنىپ ئەلنىڭ «ئىڭگەك» تىگشاشلىرى.
باقماستىن شۇ ئانىنىڭ پەريادىغا،
تويى تارتىپ مۇبارەكلەپ كېلىشلىرى.
— ئەنە كۆلدى، كۆلىۋاتىدۇ، شوخ ئىكەن دەپ،
جۆر بولۇپ كۆلكىسىگە كۆلۈشلىرى.
شوخ كۆلكە «مۇبارەك» لەر دەرمان بولۇپ،
شۇ بىمار ئانىنىڭ دەرمان تېپىشلىرى.
بۆگۆنكى «پاخلان» بوۋاق ئەنە «قوزا»
بەسلىشىپ بىر — بىردىن چېپىشلىرى.
چوڭ بولدى، ئۆك بولدى شۇ يوسۇندا،
قېتىلىپ ئالەمگە جەسۇر بىر جان.
بىزلەرمۇ شۇ يولى يارالدۇق ھەم،
تۇتۇشۇپ باغدىن ۋە تاغدىن ماكان.
ئەجدادتىن ئەۋلاد بېسىپ يېتىپ كەلدۇق،
ئىزدىمىز قالدى يىراق — يىراقلاردا.
گاھىنىڭ ئىزى باردۇر، گاھىنىڭ يوق،
گاھىنىڭ نۇرى باردۇر چىراقلاردا.
پارلىدى ھايات ئىلقىنىڭ ئاسمىنىدا،
گاھلىرى چولپان بىلەن تەڭداش بولۇپ.
ياشىدى ۋە گاھلىرى قامغاق سۈپەت،
ئەشۇ يۇمران گىياغا رەڭداش بولۇپ.

........................................

بىرنى — بىرسى گۆللەپ يالغان بىلەن،
مەن ساڭا يۈرەكتىن كۆيگەن دېدى.
— سەنچۈن تۇغۇلدۇم ئۆلەي سەنچۈن،
ئىككى ئالەم سۆيگۈنۈم — سۆيگەن دېدى،
ۋە گاھلىرى دوستلۇق ئۈچۈن بېرىشىپ قول،
ئالەمدە تەڭدىشى يوق مەرت مەن دېدى،
بۆگۈنكى «دوستلار» بولۇپ ئەتە رەقىپ،
شەيتانلەك ھەممە پەردە بار مەن دېدى...
نەقەدەر تولغان دۇنيا يالغان بىلەن،
«كۆيگەن» نىڭ مەناسىنى كىم بىلمەيدۇ؟!
بىرنى — بىرسى گوللاپ كۆيدۇم دېسە،
بۇ يالغان سۆزنى ئاڭلاپ كىم كۆلمەيدۇ؟!
راست بولسا شۇ كۆيۈشلەر قېنى سېنىڭ،
كۆل بولماي يەنە تېرىك يۈرۈشلىرىڭ؟
ۋە يەنە جۆرەڭ ئۆلۈپ سەن قالغاندا،
يەنە بىر جاننى گۆللەپ كۆلۈشلىرىڭ...
ئەل شۇنداق يالغان بىلەن ياشىدىكەن،
بىزمۇ شۇنداق يالغان ئارا ياشاپ كەلدۇق.
نەپ ئېلىپ گاھىدا، زىيان تارتىپ،
يالغاندىن كۆڭلىمىزنى ياساپ كەلدۇق.

........................................

راست بولسا پەقەت سېنىڭ ھامان بىر كۈن،
بىر مەغرۇر كۆلۈپ تۇرۇپ ئۆلگىنىڭ راست.
تۇغۇلغاندا مۇبارەكلەپ كۆلگەن ئەلنىڭ،
سەن كەتكەندە ئۆكسۈپ يىغلاپ قالغىنى راست.
كەلگىنىڭدە شۇ ئەل سەندىن پاكلىق كۈتۈپ،
ئاق تېنىڭنى ئاپئاق سۇدا يۇغىنى راست.
كەتكىنىڭدە يەنە سېنى پاك كەتسۇن دەپ،
ئاق باغلىشىپ كۆۋالىقتا تۇرغىنى راست.
نېمە دېگەن ئۇلۇغ نەرسە ئادەم دېگەن،
پاكلىق ئۈچۈن، راستلىق ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ.
ئۇلۇغلۇقى — راستلىق بىلەن يارالغاچقا،
يالغاندىن ئىككى ئالەم يىرگىنىدۇ.

## غەزەللەر

1

چاك ئېتىپ چاڭقاق دىلىمنى قىلدى ۋەيران يار مېنى،
نازلىنىپ جىلۋە بىلەن قىلدى ھەيران يار مېنى.
نازىغا باقماي دېسەم كۆل ھۆسنى مەست قىلدى ھەجەپ،
لەۋلىرىدىن بال تۆكۈپ قىلدى سەرسان يار مېنى.
لەۋزىگە باقماي دېسەم يار ۋەدىسى ئالەمشۇمۇل،
خەستە كۆڭلۈمنى ئېلىپ شات قىلدى خەندان يار مېنى.

بولدى ئۇ شۇندىن بۇيان تەنھالىغىمغا جۆرە ھەم،
ھەر چېلىشتا بوپ مەدەتكار قىلدى پەلۋان يار مېنى.
سەزمىدىم شۇندىن بۇيان تەندە بىمارلىق ھېچقاچان،
تاغ سۈپەت قۇدرەتكە ئىگە قىلدى مەردان يار مېنى.
ئەپسۇسۇم كۆپتۇر ئەجەپ ئۆتكەن بىھۇدە كۈنلىگە،
بارچە ئەپسۇستىن خالاس قىلدى قەدىردان يار مېنى.

2

يار ئىشقىدا كۆيگەن مەندەك پەرۋانە بارمۇ ؟
ئۆرتەنگەن يۈرەك - باغرى كۈلخانە بارمۇ ؟
كۆيگەن دىلى پىراقتا، جىسمى كۆيمىگەن،
نىمجان ئۈچۈن شىپالىق مەردانە بارمۇ ؟
مۇڭ ئىلكىدە مۇكچىيىپ قەددى يا بولغان،
مەجنۇن كەبى مېنىڭدەك ۋەيرانە بارمۇ ؟
دەرتلىرىمگە تېپىلماس يارسىز شىپالىق،
ئەشۇ ئوتنى ئۇنۇتقىدەك مەيخانە بارمۇ؟
چۈشتى سەۋدا بېشىمغا جانان بىخەۋەر،
شۇ سەۋدانى ساقايتقىدەك سەيلانە بارمۇ ؟

3

ھەر قاچان كۆرسەم ھىلال ئاي قامىتى ئول قاشلىرىڭ،
ئاي كەبى ھۆسنى جامالىڭ ئامىتى ئول قاشلىرىڭ،
مەن دىسەم ئاينى گۈزەل، بۈگۈنكى ھۆسنى ئەتە يوق،
ياكى تۈنجى ئايغا ئەنداز بارمىتى ئول قاشلىرىڭ؟!
ئەسلىتەر قورغاننى دائىم جۈپ كۆزۈڭ ساقلايدىغان،
يۈرىكىمنىڭ تەشۋىشى مالامىتى ئول قاشلىرىڭ .
ئەكسىنى كۆرمەك ئاساندۇر ئۇندا شاتلىقنىڭ تامام،
جىلۋى - ناز شاتلىقتا دائىم يارمىتى ئول قاشلىرىڭ؟!
شاتلىقىم بىلگىنىكى دىلبەر ئاي سىياقىڭ ئاي كەبى،
مەڭگۈلۈك بولسۇن ئىشقىنىڭ ئالامىتى ئول قاشلىرىڭ.

4

ئالدى ئەقلىمنى ئىزدىتتۇردى جانانىم كۆزلىرىڭ،
قىينىمدى زەپمۇ پىراقتا شېرىن زابانىم كۆزلىرىڭ.
ناز بىلەن چەيلەپ دىلىمنى، كىرپىكىڭنى يا قىلىپ،
ئىشق ئاتلىق بىر بالاغا سالدى نىگارىم كۆزلىرىڭ.
ئوتمۇ سەن، ئاتەشمۇ سەن، گۈلخانمۇ يا ئۆچمەيدىغان،
كۆيمىسۇن جىسمىم پىراقتا كۆرسەت نىگارىم كۆزلىرىڭ.
بولدى قىل پىنھانە تۇتما ئەمدى ئىشقىڭنى يېتەر،
ئەلچىسى بولسۇن دىلىڭنىڭ سۆزلەت نىگارىم كۆزلىرىڭ.
سۆزلىسۇن ئۇ بار سىرىڭنى مەن ئاڭا سىرداش بولاي،
بەرمىسۇن قولدىن بىكار پۇرسەت نىگارىم كۆزلىرىڭ.



# كېپەك مەزىن

(ھېكايە)

ئىمام مەھەممەت

يېزىمىز بازىرىنىڭ ئاۋاتلاشقان كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا، چوڭ بىر جامە قەد كۆتەردى. ئاسمان پەلەكتە قەد كۆتىرۇپ تۇرغان كۆركەم پەشتاق، ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قويمايدۇ-دە، شۇنداق قىلىپ جامەنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش پەيتى كېلىپ قالدى. بۇ ئىشقا ئۇشتۇمتۇت، مەھەللىدىن كېپەك سالجا ئارىلىشىۋالدى. كېپەك ئاخۇن ئېگىز بويلۇق، بەستلىك كەلگەن 57 ياشلاردىكى كېسەكچىراي، تولۇق چار ساقال، سەل پاناق، ئورا كۆز، سول قولىقىدىن ئۇچتىن بىر قىسمى كەم ئادەم بولۇپ، ئەل ئارىسىدا گەپتان، ھەرقانداق گەپ بولغان يەردە «مەن بار ئىدىم» دەپ ئېغىز غېرىچلاپ باشقىلارغا گەپ ئاشۇرمايدىغان كىشى ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇملارنىڭ مۇشۇ بىر مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن، خۇددى كېپەك سالجىدەك بىرەر ئادەممۇ لازىم ئىدى. ئەلۋەتتە! ئىمام ئاخۇنۇم ئۆز سۆيگەنلىنى ساقلاش يۈزىسىدىن، ئەمرى مەرۇپ قىلىشتىن ئۆزگە ئوشۇق سۆزلىمەيدۇ-دە، مۇتىۋەللىي ئاخۇنۇم دەپتەر-قەلەم تۇتۇپ، كىم، نېمە بەردى، قانچىلىك؟ شۇنىلا يېزىشى كېرەك. كېپەك ئاخۇنچۇ؟ جامەنىڭ ئات ھارۋىسىنى قوشۇپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ چىقىدۇ-دە، گۈرۈچنى بىر تاغارغا، بۇغداينى يەنە بىر تاغارغا، ياغنى تۇرغۇتقا قاچىلاپ-مېڭىۋېرىدى. بەزى ئاشپەز، ناۋاي، قاسساپ، سودىگەرلەر نەخ پۇل ئىئانە قىلىشۋاتسا ئىدى، كېپەك ئاخۇن يانچۇقلىرىنى سىلاپ ئۇلگۇر-

گەئىدى. قىرىشقاندەك بىر ھىيلە ئىنىڭ قولىدا
سائىلىپ يەنە بىر ھىيلە ئىنىڭ قويىنىغا كىرىپ
كېتىۋاتقان ئىدى. كىچەك ئاخۇن راسا بىر
ئۇلۇغ تىنىپ، يەنە چانىدۇرماي مىڭىشۋەر-
دىيۇ، ئۇ ئىنگدا ھەسەت ئوتى لاۋۇلداپ، ئۆز
قورسىقىدا ھىساب چوتى سوقۇشقا باشلىدى.
دەسلەپتە كىم نېمە بەردى، قانچىلىك بەر-
دى... ھەممىنى دىلىغا خاتىرلەپ، «خۇدا
رەھمەت قىلسۇن»، «ئۇلۇغ پەرۋەردىگار
مەدەت بەرگەي»، «بەرىكەت
بولسۇن» ... دېگەندەك سۆز ئىبارى-
لەرنى تەكرارلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەم-
دى ئۇ بىردىنلا جىمىپ قالدى. شۇنداق ھې-
سابلاپ «ئۈچيۈز يەتتە كوي قىرىق پۇڭ»
دېدىيۇ، ئېزىپ كەتتى. كىچەك ئاخۇن سا-
ۋاتسىز ئىدى. ئۇ ئەسلىدە، مۇندىن قىرىق
يەتتە يىل مۇقەددەم، مۇشۇ يېزىدىكى بىر
كالتا كۆسەي پاشاپ بېگىنىڭ بىر تال ئوغ-
لى ئىدى. بۇ پاشاپ، قولىدا يوق، نەپ-
سى يامان، نەھى يولىدا قاتراپ تىنمايدى-
غان، بىۋاك ئادەم بولغاچقا، چوك-كىچىك
ئوغرى، قىمارۋازلار ئالدىدا «كال قىڭراق»
دېگەن لەقەم بىلەن ياشاپ، ئەل ئىچىدە
«ياغاچ پىچاق، لاتا غىلاپ بېگىم» دېگەن
نامغا ئېرىشىپ، يىگىرمىنچى ئەسىر «ئۇن-
ۋان» بىلەن ئۇ دەرگاھقا كەتكەن ئىدى. كى-
چەك ئاخۇنغا ئەنە شۇ بەگ دادىسىدىن
ئۈچ ئېغىزلىق كونا ئۆي بىلەن بىر
نوگاي چىلىم، پەگادىكى تاۋكا مىراس
قالغان ئىدى. دادىسى ئۇنى قەيەرگە بارسا
بىرگە ئېلىپ باراتتى-دە، ئوغرى-قىمار-
ۋازلار، بەگىمنىڭ بالىسى دەپ يانچۇقلىرى-
نى چوتاغا تولدۇرۇپ ئېتەتتى، دادىسى
مەس بولۇپ قالغانىدا، 12 ياشلىق كىچەك-
جان يېتىلەپ ئۆيگە كېلەتتى. كېيىنچە ئۇنى

«ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، ئىچە
ئوغلۇم، ئوينا، دەتتىڭ-ام دەپ ئاتە، يا...
جەمشىت دەپ ئاتە، چىكسىۋال، داداڭ مۇ-
ساق پاشاپىنىڭ دۆلىتىدە ياشىۋال» دېگەن-
دەك مەدەتلەرنى بېرىپ چوك قىلدى-دە، كى-
چەكجان ئەمدىلا 15 ياشقا تولغاندا باقىغا سە-
پەر قىلدى. 15 ياشلىق كىچەكجا ئىمۇ دادىسىنىڭ
مەنسىپىدىن باشقا ھەممە خۇيىنى قېلىپتىنا
قۇيغاندەك ئۆز پېتى داۋاملاشتۇرۇپ كۈن-
نى ئالدى. 17 ياشقا كىرگەن مەزگىلدە، ئۆز
ئۆيىدىكى تاۋكادا جىدەل چىقىرىپ شۇمەي-
داندىكى رەقىپلىرىنىڭ بىرىگە تىغ تارتىپ
يارىدار قىلىپ قويىدى-دە، پۇت-قولى
كىشەنلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، شۇ ئارىدا
ئانىسى بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشەلمىدى. تۈر-
مىدىن چىقىپ قارىغىدەك بولسا ئاتىسىدىن
قالغان ئۆي-زېمىنىنىڭ ئىزنامىمۇ قال-
ماپتۇ. ئۇ ئەمدى بازارنىڭ چېكىسىدىكى بىر
يېزىدا ماكانلاشتى. كەتمەن بىلەن تونۇش-
مايدىغان بۇ بەندە يەنىلا كونا چۆپقەتلى-
رى بىلەن چىللىشىپ كونا ئادىتىنى داۋام-
لاشتۇردى. قانۇن ئورۇنلىرى ۋەز-نەسى-
ھەت قىلىپمۇ بۇ كېسەلدىن خالى قىلالماي
يۈرەتتى. توشقان دەرياسىنىڭ شىمالىي تە-
رىپىگە ئاتلاپ ئۆتكەن كىچەكجان دادىسى-
نىڭ كونا چۆپقەتلىرىدىن بولغان قېرىكا-
داك قىمارۋازلار جەم بولغان چوك تاۋكاغا
دۇچ كەلدى-دە، تاك ئاتقىچە مەيدىسىگە
مۇشلاپ، ئۆز بويىدىن قانچە ئېگىز قەرزگە
بوغۇلدى. بىرەي دېسە ھېچنېمە يوق. سالا-
سۇلىگە كۆنىدىغان كىشى يوق. كىچەكجان
ئاخىرى قىمارۋازلارنىڭ بوۋىلىرىدىن قال-
غان ئەنئەنىگە ۋارىس بولۇپ، پىچىقىنى
قىنىدىن چىقاردى-دە، سول قۇلىقىنىڭ
قاسقىنىدىن بىر چىشلەم كېسىپ، ئۇتتۇپ

ئالغۇچىلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قەرزدىن قۇتۇلدى. شەرتى: «بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشتىن مەڭگۈ قول ئۈزىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بىز بايقۇش ئەمدى «كېپەك چولاق» دېگەن لەقەم بىلەن كوپېراتسىيىگە كىرىۋالغان بولدى.

كېپەك سالجىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدىكى تەپسىلاتلار بەكمۇ ئۇزۇن، بىر — بىرلەپ سۆزلەيدىغان بولساق كىتابخانلارنى زېرىكتۈرۈپ قويىمىز. قىسقىسى ئۇنىڭ ھاياتى ئەنئەنىۋى كەسپى بىلەن بىللە قىزىلكۆزلۈك، ساختىلىق تۆشۈكلىرىگە قىستىلىپ كىرىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمدىلىكتە ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، يەرلەر ئەمگەكچىلەرنىڭ قولىغا ھۆددىگە بېرىلىپ، راست بىلەن يالغاننى ئايرىيدىغان پەيت يېتىپ كېلىۋىدى، بىزنىڭ كېپەكچاننىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى.

«خوش كېپەك ئاخۇن، — دەيتتى ئۇ، ئۆز — ئۆزىگە پىچىرلاپ، — داداڭ ئىككى قوللاپ دۇئا قىلغاچقا، قولۇڭ كەتمەنگە، دىلىڭ دەرتمەنگە يولۇقماي بۇ يەرگىچە كەلدىڭ، ئەمدى ئىش پاساتقا، بازىرىڭ كاساتقا ئايلاندى. يەر تۇتۇپ جېنىڭنى قىينىمىسەن قانداق؟...» ئۇ، شۇنداق چەكسىز خىيال يىپلىرىنىڭ تۈگۈنلىرىنى يېشەلمەي، ئاخىرى مۇنداق بىر قارارغا كەلدى — دە، «سەن نېمانچە پۇشۇقىنىسەن؟» دېدى كېپەك بەگ يەنە ئۆزىگە غودىراپ، «ھەمدۇل قارى ئاخۇنۇم يار ئەمەسمۇ! ئۆز ۋاقتىدىكى بۇلۇڭ ئىلپەتلىكىمىزدىن تېنىپ كەتمەس، بىر ياخشى مەسلىھەت بەرسە ئەجەپ ئەمەس.» ئەتىسى قارى ئاخۇنۇمنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولغان

كېپەك بەگ يەر تېرىپ كۈن ئېلىپ، باي بولۇش يولىدىن يالتىيىپ قايتتى. ھەمدۇل قارى ئاخۇنۇم ئۇنى ئوچۇق چىراي قارشى ئالغاندىن كېيىن، دەردى ئەھۋالىنى ئاڭلاپ بولۇپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرۇپ: كېپەك ئاخۇن، ھازىر «ۋەللىمە» ئايتاپ چىققاندەك قىلغان بىلەن، ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۆزلىرى بىلەن بۇرادەرچىلىكىمىز بار. مەن، راستىنى قىلسام، ئۆزلىرى تەنھا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كەمگىچە چېكىلىرى تەرلەپ باققان بەندە ئەمەس. يېشىمىزنىڭ تېگىدىن تولىسىنى ياشاپ، غورىگول بولىمۇ ئېشىمىزنى ئاشاپ بۇ يەرگە كەلدۇق، خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرى سانا ئېيتقايمىز. ئاللانىڭ مەرھەمىتى بىلەن ھۆكۈمىتىمىزگە ئىنساپ بېرىپ، مۇنچىلىك كۈن بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى، سىلەر بىلەن بىز، دەپسى دۇنيانىڭ كويىدا بولماي، ئاخىرەتنى ئويلاپ، ساۋاپ ئىزدەش كېرەك. ساۋاپ، — دەپ توختىدى.

— خوش، تەخسىر! ياغدەك كەپ قىلدىلا ياغدەك، ھە، ھە، ھە.

— شۇنداق، ئۇ دۇنيالىق مۇھىم. ھىم...م.

— كېيىنچە يەنە، «ئايا دوستلار دۇنيا ھارام، سەن تاشلىۋەت، مەن تېپىۋالاي» بولۇپمۇ قالارمۇ؟

— يوقسۇ! نەدىكىگە پىنى قىلىۋاتىدىلا؟ مەن ئۆزى، ئۆزلىرىنى سايىمىزدا جان پانادارمىكىن دەۋاتىمەن بۇرادەر!

— ئۇنداق ئىلتىپاتلىرى بولسىغۇ، ھو، ھو، ھو، ھا، ھا، ھا... شۇنداق قىلىپ...؟

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئەتە ئەتىگەندە، جامەگە پەيدا بولسىلا، مەن،

ئەھلى جاماﺋەتكە جاكالاپ، تۆۋە ئىستىغپار ئوقۇتىمەن. بويۇنلىرىغا قارا ئاغامچا سېلىپ، قول قويۇشتۇرۇپ، يەرگە قاراپ تۇرىدىلا. ھە...

— ئۆمرىمدە مەكتەپ قارىسى كۆرمەپتىمەن تەخسىر! قىلمىغان گۇنالىرىم ئاز، خەقنىڭ ئالدىدا نېمە دەپ تۆۋە قىلىمەن؟

— مەن نېمە دېسەم شۇنى دېسەڭلە بولىدۇ.

— تىلىم ئايەتكە كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟!

— ئىگىسىگە ئىخلاس بىلەن تىۋىنىپ، بىزگە خوش دېسەڭلە، ئىش تامام. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەسچىتنى سىرىپ سۈپۈرۈپ، تەرەتكە سۇ تەييارلاپ، ئۇ يەرنى ساقلاپ بەرسەڭلە بولىدى.

ھەمدۇل قارى ئاخۇنۇمنىڭ گەپلىرى كېپەك سالجىغا بەئەينى قېرى كالىغا پېچاق خوش ياققاندەك خوش ياقتى. بەش ئالتە يىلدىن بېرى ئۇ، مەسچىتنىڭ شۇ خىزمىتىدە يۇمشاققىنا ياشاپ كېلىۋاتقانىدى. جامەنى چوڭايتىپ قۇرۇش باشلىنىپ، پۈتكىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇنىڭ ئىشلىرى جىددىي ھەم ئامەتلىك بولغانىدى.

يېڭى جامەنىڭ مۇراسىمى دېگەن قەرەلدە جۈمە نامىزى تەنتەنىسى ئىچىدە بولۇپ ئۆتتى. ھەمدۇل قارى ئاخۇنۇم يەنىلا ئىمامىلىق مەرتىۋىسىدە، گايىت مۇتىۋەللى ئاخۇنۇم مەزىنلىك مەنسىپىدە ئولتۇرۇشتى، باغاچچى، تامچى، ئىمام، مەزىن، نەققاش، خەتتات، ھېسابچى بولۇپ ئونىنچە كىشى جاماﺋەت ئالدىدا، مەرتىۋىلىرىگە، قىلمىشلىرىغا لايىق تونسەرپاي كېيىشتى. كېپەك سالجىنى ھېچكىمنىڭ ئاغزىغا ئېلىپمۇ قويۇشمىدى، يوغان تاۋاقتا ئاش كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرىدا چاپراقلاپ يۈرگىنىنى ھېچكىم كۆرمىدىمىكىن؟! بۇ ئىش، كېپەكنىڭ نەپسىگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى - دە، ئەل تارقاپ بولمايلا ئۆيگە كىردىيۇ، ئىشىكنى «گۈپ» تاقاپ، قولىغا بىر پىيالىنى ئالدى - دە، نېرىقى بۆلۈكدىكى چېپىندا قالار ئارىسىدىن «تۆمۈرچوققا» دىن بىرنى سۇغۇرۇپ چىقىپ، ئاغزىنى پىيەنچۈكلار پەدىسىدە بىرلا غاجىلاپ ئاچتى - دە، يېرىمىنى بىراقلا قۇيۇپ، ئىككىلا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى. داۋامىنى يەنە شۇنداق قۇيۇپ، يەنىمۇ شۇ ئەلپازدا ئىچىۋەتتى - دە، شېشىنى يەرگە ئاتتى. پىيالىنى قانداق قىلغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي ئورنىغا دالىيىپ يىقىلدى. ئەتىسى، ئورنىدىن قارا بولۇتتەك تۇتۇلۇپ قوپقان كېپەكنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كىملەرنىدۇ تىللاپ ئاقارەت قىلىۋاتقان يامان سۆزلەر، كويىقاپ پېتىن چىققان قارا بوراندەك، بۆلۈك - پۆشقاقلارغىچە ئالا قويماي ئۇچۇرتۇپ، چالا قويماي سۈپۈرتۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەنىدى. رەشىك ئوتلىرىنى باسالمايۋاتقان كېپەك سالجا، ئەل جاماﺋەت خۇپتەندىن يانغاندىن كېيىن، جامەنىڭ يازلىق ھەيدانىغا، قالدى قاتتىق چېپىندا، رەندە پۈزەكلىرىنى جۇغلاپ ھولا سالدى - دە، مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇرۇپ، قويۇن يانچۇقىدىن ياغاچ چوڭلۇقىدا بىر دۆگىلەكنى ئالدى - دە، ئېرىنمەي ئولتۇرۇپ قىرىق بىر تال ئۈزۈپ، تاماكا خالتىسىدىن بىر چىمدىم كۆك قولاق ئېلىپ، ئۆز قائىدىسى بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ بىر تال يۆگەپ ئۇچىغا ئوت ياقتى. ئەمدىلا قاتتىق كۈچەپ ئىككى شوراپ، تۇتۇنىنى پەلەككە قويۇۋەتكەنىدى، تۇساتتىنلا

ئۈچ لەپەر ياش يىگىت هوجرا ئىشەرەپتىن كىرىپ كېلىشتى، كېپەك «بەگ» ئۈچۈن قولىدىكىنى يوشۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى.

— بەللى — بەللى، كېپەكجان ئاكا، بىز ئۈجمە تومۇزنىڭ ئىسسىقىدا هوجرىدىن سالقىن ئىزدەيلى، ئۆزلىرى...؟ — دېدى 25 ياشلاردىكى ئاق سېرىق تاللىپچاق، خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— هە، كېلىڭلار توقماق سوپىلار، تېخىچە ئۇخلىماي، قەيەرلەرنى چەكىدەپ يۈرۈيسىلە؟

— يەر جاهان يورۇپ كەتتى. بىز تېخى هوجرىلىرىغا ئوت كېتىپ، تۆيماي ئۇخلاپ كاۋاپ بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ...

— ئاغزىڭلارغا تاش تۆپراق، هەي شۇملۇقنى چىللايدىغان توقماق سوپىلار، — دېدى كېپەكجان، پەرۋاسىزلىق بىلەن، پىنىنەكنى تېخىمۇ قاتتىق شوراپ. هولاللىنىپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننىڭ ئۇن قاراڭغۇلۇقىدىكى يورۇقىدا، كېپەكجاننىڭ رەڭگى قانسىراپ ئۆلگەن جەسەتنىڭ تەرىگە ئوخشاپ كۆرۈنەتتى. كېلەڭسىز پاخپايتىپ قويۇۋالغان ئۇزۇن ساقىلى، كۆكرەك تامىرىغا يېپىشىۋالغان مويلار بىلەن قوشۇلۇپ، خۇددى ئادەم ئاياغ باسمىغان قاراڭغۇ چاتقاللىققا ئوخشاش كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىۋاتىدىلىغۇ؟ — دېدى هېلىقى تاللىپچاق، ئۆز شېرىكلىرىگە ئولتۇرۇش ئىشارىتىنى قىلىپ، ئۆزىمۇ يانىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپ.

— هارام يەيدىغانلارغا ئوت كەتمەي، ماڭا ئوت كەتكىنى قانداق؟

— كىم هارام يەپتۇ؟ نەدىكى بىر گەپنى قىلىۋاتىدىلا؟

— هەممەيلەن هارام يەۋاتىمىز.

— بىزمۇ هارام يەۋاتامدۇق؟

— هە ئە.

— قوللىرىدىكى هالالمۇ-هاراممۇ؟

— ئۇستازىڭلاردىن سوراڭلار.

— هەمدۇل قارى ئاخۇنۇم چەكمە يەيدىغاندۇ؟ تۆۋە دېسىلە ئاكا، ئەهلى ئىلمى ئادەملەرنىڭ ئالدى ئارقىسىدىن هەر نېمە دېسە گۇناه بولىدۇ، — دېدى يەنە بىر پاكارغىنا، دوغىلاق تاللىپچاق، سەل پەل ئۆڭگەيدەك قىلىپ.

— سەن پاكار، قارا پاقا غورتەك نېمىنى بىلىسەن؟ مەن، سەن توقماق سوپىلارنى چىللاپ كەلدىمۇ؟ ماڭ! هېلىمشە! — دەپ دوق قىلدى زەردە بىلەن. ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا كەكە دەستىسى چوڭلۇقىدىكى بىر گەزچە كۆسەي، تېنىم تاپماي ئوت چوخچىلاپ ئاۋارە ئىدى. كېپەكجان ئادەتتە بۇ تاللىپلارغا مۇنداق زەردە بىلەن دوق قىلىش ئەمەس، ئۇلارنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئىززەت قىلاتتى. بەزىدە تېخى هوجرىلىرىنى سۈپۈرۈپ ئەخلەتلىرىنىمۇ تۆكۈپ قوياتتى. ئۇلار ساۋاق تەكرارلاپ ۋاژىلداپ ئوقۇپ كېتىدىغان بولسا، قاتتىق سۆيىنىپ چۆچۈرىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى، هەتتاكى ساۋاتسىز قالغانلىقىغا پۇشۇقۇنۇپ، ئۆتمۈش كۈنلىرىنى قاغاپ كېتەتتى. خوشى تۇتقاندا، پادىشاهى جەمشىدنىڭ چۆچەكلىرىدىنى سۆزلەپ بېرەتتى، بەزىدە ياغاچى ئېلىيار غوجەكام بىلەن قىرىق بەگنىڭ هېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىپ كۈلكىدىن هالقىتىپ، تېلىقتۇرۇپ ئېيتىپ قايتىپ چىقاتتى. «بۇگۈن بۇ ئادەم بىزگە نېمانچە قاتتىق تېگىدۇ؟ بىرەر سىر بارغۇدەيمەن» دەپ ئويلىدى بىرىنچى تاللىپ.

ئۇنىڭچە، بۇ ئادەمنى ئالداپ تىلىنى بىلىش كېرەك ئىدى.

— كېپەكجان ئاكا، بۇ قوپال قارا ماياق ئاداش ئۆزلىرىنى رەنجىتىپ قويدى. خاپا بولمىسىلا. نېمە ئىشلارنى دەپ رەنجىپ قالدىلا؟— دەپ بەزلىدى ئۇنى.

— ھەيبەللى! بۇ گەپلىرىڭ جايىدا ئۇكام، سەن ھەقىقەتەنمۇ بىر كادىر ياكى ئەپەندى بولساڭ بولىدىغان يىگىت ئىدىڭ، بەزى چۈپەي بەندىلەر ساڭا بىر نومۇر كەڭ قورساق بولماي، ئالىي مەختەپ دېگەندىن قالدىڭ. ئەگەر ئۇ يەردە بەش يىل ئوقۇساڭ، مۇشۇ سوپىلارغا بەندە بولماي، ئالىم يىگىت بولاتتىڭ ئەمەسمۇ!؟ داداڭغا شۇ ئىش ھار كېلىپ سېنى مۇشۇ... ھەي...ى — دېدىيۇ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ تېخىمۇ يۇمۇلۇپ، خۇددى تۇقاچنىڭ چۇۋالدۇرۇزنىڭ كۆزىچىلىك قالدى. قولىدىكى قالدۇقتىن ئاخىرقى بىر نەپەس ئالدى-دە، يالجىپ يېنىۋاتقان ئوتقا ئاتتىيۇ، بىر پەس جىمىدى.

— قېنى، كېپەكجان ئاكا— دېدى بىرىنچى تالىپ يەنە،— نېمىدىن شۇنچە رەنجىپ قالدىلا؟

— نېمىدىن بولاتتى— دەيسەن!؟— دېدى ئۇ، «ئېچىلدى ئاغزى، يۇمۇلدى كۆزى» دېگەندەك بىر ئىش بولدى-دە، قار، يامغۇر قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى،— مەن بۇلارغا ئالدىراپ ئىشىنىپ، غالچىلىقىنى قىلىپتىمەن ئۇكام، بىزنىڭ ماۋۇ ھەمدۇل ئىمام دېگەننى، «چەك-چەك، خۇدانىڭ ئىشقىدا چەك، ئاما خاسلار بىلمىسۇن پىنھاندا چەك!» دەپ يۈرسە، راستىنلا خۇدانىڭ پاك بەندىسى دەپ چاغلاپتىمەن. نەدىكىنى! ئۇ، توڭگۇزنى ئوكلىمەي، ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەيدىغان ئادەمكەن. بىر يىلدىن بېرى قىلغان ئەتكەنلىرى ئاز ئەمەس. سۆزلىسەك گەپ بولىدۇ، ئىچىڭگە ئالساڭ دەرت بولىدۇ. سەن ئاڭلاپ قال، بۇ يىل قىش ئۇنىنچى كەنت ياردەمگە بەرگەن 30 تال جەگەندىن ئون تېلى ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاكاڭ قارىغاي ساقىلىم بىلەن ئۆزەم توشۇپ بەردىم. ئۆتكەن يىل كۈزدە ھېلىقى، چەتئەلدىن كەلگەن باي ھاجىم بەش تىللا يادەم بېرىۋىدى. ئون سوملۇق تىللادىن ئىككىسىنى گايەت بىلەن ئىككىسى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ كەتتى. قالغان ئوتتۇز سومنى ئىشلەتتۇق دېدىيۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ ئۇكام، يەنە بۇ يىل قىش يۇقىرىقى مەھەللىدىكى سادىر دېگەن يېتىم بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۈچيۈزكوي ناماز ھەققى بەرمىسەڭ نامىزىنى چۈشۈرمەيمىز دەپ، يەنە مۇشۇ ھەمدۇل، بۇتتەك قېتىپ تۇرۇۋېلىپ بىر يۈز سەكسەن كويغا ئىككى قوينى شۇ يەردىلا ساتقۇزۇپ، پۇلنى چوڭنىڭكىگە ئۇرۇپ، ئاران دېگەندە جىنازا ئالدىغا ئۆتتى. كۆپچىلىكنىڭ بەزىلىرى، شۇ پۇلنى جامەگە ئىشلىتەيلى دەپ ئىلتىجا قىلىۋىدى، گايەت دېگەن ئاۋاق ئوتتۇرىدىن چىقىپ «ياق، نامازھەققىنى سالات جاناز قىلغان كىشىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ئېلىشى ھارام، باشقا بىر ئىشقا ئىشلىتىش دۇرۇس ئەمەس» دەپ كاكىرىدى. ئۇنداق بىر يېتىم بالىنىڭ ئىككى قويىنى يېگىچە، توڭگۇزنىڭ بالىسىنى خام يېگەن ھالال راقمىكىن دەيمەن. تېخى توپا بېشىدىكى شەرمەندىلىكنى دېمەيسەن، قىرىق يۇەن يەرلىك ھەققى كېلىۋىدى، يانچۇقى قۇرۇق سادىر «ھۇ» تارتىپ يىغلاپ تاشلىدى.

كۆپچىلىكنىڭ ئىچى ئاغرىپ يانچۇقىنى كولاشقا باشلاپتى، يەنە شۇ گايىت ئاۋاق ئېتەك تۇتۇپ قوپتى، قاراپ تۇرسام، بىرەرسىدى دېگەنلىرى بەش موچەن، بەرگىنى بىر-ئىككى كويدىن تاشلىدى، يېزىمىزنىڭ دوختۇرى ئەنۋەر، تۆش يانچۇقىدىن زېغىررەڭ بىر قەغەزنى سۇغۇرۇپ تاشلىغانىدى، قاراپ تۇرسام، ئاۋاقنىڭ ئۇچە تكىدەك بارماقلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. پۇلنى بىرەيلەن «خالىس» سانىدى. قاراپ تۇردۇم، توپتوغرا ئەللىك بەش كوي چىقتى. ھېلىقى دوختۇر بەرگەن بىر قەغەز يوق، بىر پاش قىلىۋېتەي دېدىمىيۇ، «قويە! شۇ پەسلە قۇا باي بولۇپ كەتسۇن» دەپ ئويلاپ ئۆزەمنى بېسىۋالدىم، قانداق؟

— ئاڭلاۋاتىمەن ئاكا، خۇدا! ئىي، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، بەندىلىرىڭگە ئىنساپ بەرگەيسەن، — دېدى تالىپچاق ياقا چىشلەپ. پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئىككىسىمۇ، ھەيران بولۇشۇپ، بەئەينى پاقا تەشكەن سويىمەك، ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەن ئۇكىلىرىم، بىز بۇ مەسچىتتىكى كۆپچىلىكنىڭ پۇلىلى بىلەن سالدۇق، شۇنچە بەرگىنى يەتمەي يەنە، جامەنىڭ مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىمىز دەپ، دىۋانىدەك خوجۇن، قاچا كۆتۈرۈپ چىقتۇق. خەلق دېگەن بىر دەريا ياكى خور دىماس تاغ ئىكەن. شۇ كۈنى كەم دېگەندە، مىڭ كوي پۇل چۈشتى. مۇراسىم كۈنى تۆتيۈز توخسان ئۈچكوي دەپ جاكا قىلىۋاتىدۇ. قالغىنى مۇشۇ ئىككى ئانچۇغا قىزىل كۆزلەرنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كەتمەي نەگە باردۇ؟ مۇنداق يالغانچىلارنىڭ زۇۋانىمۇ تۇتۇلۇپ قالمايدىكەن، ئىي، خۇدا! ۋەيلۇن دەۋزىخىڭ راس بولسا، قىيامەت كۈنى، شۇنداق كاززاپلارنىڭ تىلىنى ئوتلۇق زەنجىرلىك بىلەن باغلاپ، بوزۇق دىلىنى زىخ بىلەن داغلاپ ئەدىۋىنى بەرگەيسەن! دەپلا تىلەيدىغان بولدۇم. خەخلەر بۇ ئىشنى بىلمەيدۇ. يەنە شۇ ناپاك ئادەملەرنىڭ بىرىنى ئىمام، بىرىنى مەزىن، يەنە بىرىنى مۇتىۋەللى دەپ سايلىشىۋالدى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق ئىشلار بىلەن كارى بولمامدىغانىمىدۇ؟! — دەيمەن. قورساقلىرىم كۆپىكىنى كۆپكەن. نېمە دېگەن تويمامدىغان، نېمە دېگەن يېلىم تىرناق ئادەملەر بۇ؟

بۇ يەردىن شۇنداق بەزدىمكى، خۇددى لاللا ئىت قارا ئۆچمىدىن زېرىككەندەك زېرىكتىم. دېسەم گەپ تولا، دەنغۇ بۇيەردىن...، ھە، ئاڭلاپ قال ئۇكام، ئەمدى ئۇخلاپ قالامدۇق؟

— خوشە، شۇنداق قىلايلى،- دېيىشتى تالىپلارمۇ. كېچە كېچان «يا ئاللا» دېگىنىچە ھوجرىسى تەرەپكە ماڭدى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈپ ئەتسەك قانداق؟ كېچە تىدە، بىرەر ھادىسە بولۇپ يۈرمىگەي يەنە،- دېدى بايىقى تالىپ.

— ئوت كېتىش تۇگۇل كۈل بولۇپكەتسىمۇ كارىم يوق،- دېدىيۇ، ئۇدول ھوجرىسىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى.

ئەتىسى بامدات نامازىدىن يېنىپلا، ئوڭ سالاپەت يوق، ھوجرىغا كىرىپ كەلگەن ھەمدۇل ئىمام ئاخۇنۇم بىلەن گايىت مەزىن، كېچەكجان بىلەن شۇنداقلا بىر-رەسمىيەت سالىمى قىلىشتى-دە:

— كېچەك بەگ، - دېدى ھەمدۇل ئىمام غەلەتلە مۇغەمبىرى كۈلۈپ، -

بىزنىڭ ئۆيدە ئەتىگەنلىك چاي ئىچىپ كەلسىلە قانداق؟

— بەكلىرى قورسۇن ئىمام ئاخۇنۇم، رەھمەت! مىجەزىم يوق، بارالماي قالىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى كېپەكجان ئۇ ئەمدىلا ئورۇن يىغىشتۇراتتى.

— بۈگۈن ئاۋۋال ئاخشامدىلا چۈشلىرى ئادىرسكۇل بولۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ بۈگۈن نامازغىمۇ چىقالماپلا؟

— ھە، ھېلى بىرسى پەشتاق ئۈستىدە مىكيانىدەك كاكىراۋىدى، توخۇ چىللىغان ئوخشايدۇ دەپ، سەنەكسىمە يېتىمەن.

— بۈگۈنكى چايغا مولىلىنىز اجىم كېلىدۇ، ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن ھەم دوستىخان بولۇش ساۋاپ، ئېرىنمەي بارسىلا.

— خوش، ئۇنى ئۇلۇغ دېمەك رۇسۇللالانى نېمە دەيمىز؟

— ھە، ھ، ھ، ھ، گەپچىلىك قىلماي، يۈرسىلە، ئۆزلىرى تۇز تائام يەپ تۇرغان ئۆي.

— زورلىمىسىلا تەخسىر، مەن، قارا تۇرۇك ئادەم بولسامۇ، ئىنساپىمىز، قىزىل كۆز ئادەملەر بىلەن ھەمتاۋاق بولمايمەن.

— كېپەك ئاخۇن، — دېدى گايىت مەزىن جاغال ئۆچكىنىڭكىدەك شالاڭ ساقىلىنى گىلدىلىتىپ تۇرۇپ، — ئاش بەرگەن قازاننى ئالدىراپ چاقمايلى جۇمۇسىلا؟! كىمنى قىزىل كۆز دەۋاتىدىلا؟

— مەنما تەخسىر؟ مەن، بىرىنچىدىن، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلىپ ھارام يېگەنلەرنى، ئىككىنچىدىن، بەش تېيىنلىق مىيالنى ئون تېيىنگە سېتىپ، قوشقاچنى قار ياغقاندا تۇتىدىغانلارنى دەيمەن،

— ھەببەلى! مانا بۇ گەپ جايىدا، — دېدى ھەمدۇل ئىمام گايىت مەزىننى جىملاپ، — ھەر گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشەيلى، جۈرسىلە، يەنە ئۆزلىرىگە مەسلىھەتىمىزمۇ بار، — دېدى — دە، ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى چالا - بۇلا يۇغۇزۇپلا بىرگە ئېلىپ ماڭدى. ئىمام ئاخۇنۇم ئەسلىدە، ئاخشام بولغان پاراڭلارنى، يېرىم كېچە بىلەن، بايىقى قاراماتاق پاكار تالىپچا قىتمىن ئاڭلاپ بولغانىدى، بۇ ئادەم چۆچىدى بولغاي، يەنە شۇ تالىپنى ئىشقا سېلىپ، گايىت مەزىننى ئويغىتىپ كەلدى — دە، ھەممە گەپنى بىر - بىرلەپ سەمىگە سالدى، قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى، گايىت ئوپۇل - توپۇل غەزەپلىنىپ، جامەدىن ھەيدەپ چىقىرىش تەلىپىنى قويدى، ئۆز ھاياتىدا كۆپنى كۆرگەن، ئوتتۇرا بويلۇق، گوپ سېمىز، مەڭزىلىرى قىپ - قىزىل، سېرىق كوس، 60 ياشلاردىكى چىقىر كۆز ھەمدۇل ئىمام ئاخۇنۇم بۇ گەپكە كۆنمىدى — دە، شالاڭ، قىزغۇچ ساقاللىرىنى دىقماق بارماقلىرى بىلەن تۇتامالاپ ئولتۇرۇپ، — گايىت ئاخۇن، ئۆزلىرىنى خېلى ئاقىل ئادەم چاغلاپ يۈرسەم، بەكمۇ كالتە پەم ئىكەنلە، ئۇنداق قىلساق، كويىقاپىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ ئېچىپ، قارا بوران چىقىرىپ قويىمىز — دە، سەللە پەرىجىلىرىمىز قارا قۇيۇن ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ، ئىمناۋەت دەيدىغان گەپمۇ بار — دە، — دېدى.

— ئەممە قانداق قىلىمىز؟

— ئىتنىڭ ئاغزى سۆڭەك بىلەن بېسىقىدۇ.

ــ ھە ،خوش ـ خوش، شـۇ ... شـۇنداق
بولمامدىغان، ھە، ھە ...
ــ ئۇنى ئۆزلىرىگە مـۇئاۋىـن مەزىن
قـىلـىـپ تـەيـىـنلـەيـمـىـز، تاڭ ئاتـ
قانـدا مۇشـۇ ئـۆيـدە ئـىككـىـيـۈز كـوي
ئالدىدا قويۇمىز، نېمە كۆرسەك تەڭ كۆرـ
دۇق، ئۆزلىرى يۈز كوي چىقارسلا .
ــ ھە ،يۈ ـ يۈ ـ يـۈز كوي؟ ھە، يۈز
كوي،ــ دەپ تەكرارلىدى گـايىت ئاۋاق ،
پىت كۆزلىرىنى چـەكچەيتىپ، ــ ھـەنـدە
نەدىكى يۈز كوي ؟
ــ ھە، يانچۇقلىرىنى سىلاپ باقسىلا ،
ئۇنىڭدا بولمىسا كېكىردەكلىرىنى ...
مۇشۇ گەپتىن كېيىن گـايىت ھـەزىنى-
نىڭ يـادىغۇ چىرايىغا سـەلپـەل كۈلكە
ياماشتى. باش توخۇ چىللىغانىدا يۆتۈلۈپ
چۇشكۇرۇشۇپ ئورنىدىن قوزغىلىشتى.
راست دېگەندەك، دوستىخان ئۈستىدە
بىر قەپەز سوقا ـ سۆھبەت بـولۇشقا باشـ
لىدى، بۇ يەردە مولىنىزاجىمىنىـڭ سايىـ
ـىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئالدى بىلەن ھەمدۇل
ئىمام ئاخۇنۇم گەپ باشلىدى :
ــ كـېپەكجان، ـ دېـدى ئۇ، ــ «قول
سۇنـسـا يەڭ ئىچىدە، باش يـېرىلسا بـۆك
ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. بىز كونـا چـوپـ
قەت دوستلاردىـن بولىمىز، ئـۆزلىرىگە
ئـىشىنىپ، بەزىـبىر ... ھىم ... م ، ھە ،
شۇـشۇنداق، ئەل ـ جاماـئەت ئـىچىدە ،
قوينىڭ قوزىسىدەك ئىناق ئۆتۈپكە تكىنىمىز
تۈزۈك. ئـۆزلىرىنىڭ خـىزمەتلىرىنىمۇ
يەردە قويمۇدۇق، نا ئـۈمىدلىك شەيتانـ
غىلا خاس،ــ دېدىيۇ، قوينىدىن يېپ-يېڭى
ئون يۈەنلىكتىن يىگىرمە قەغەزنى چىقىـ
رىپ، يەلپۈگۈچ شەكلىدە ئېچىپ، ــ ئـاز
بولسىمۇ بۇنى خەجىخىراجەت قىلىپ، ئۈسـ

تىباشلىرىنى ھەزىنگە لايىق قىلىپ يەڭـ
گـۈشلىۋالسىلا دەپ ، ئـالدىـغا قـويدى.
بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان كېپەك ئاخۇن :
ــ ھـوي، تـەخسـىر، بۇ نېمە ئـىش ؟
يـاق، ئالمايمەن، مـەن بـۇ ئىلتىپاتقا
لايىق ئەمەس،ــ دەپ، قول ئـۇزاتمىدى ،
ئىمام ئاخۇنۇم يەنىمۇ قىستاپ زورلايتتى ،
ئاقىۋەت ئىش بولمىدى. پۈتۈن ئۆمرىدە،



موتتىن كەلگەن پۇلنى خەجلەپ ئـۆگىنىپ
قالغان كېپەك ئاخۇنىڭمۇ دىلى يـۇمشـاپ
قالدى ــ دە،«باينىڭ بەرگـىنى خۇدانىڭ
بـەرگىنى، ئـاله كېپەكبـاي، بۇلاپ ئالـ
مىدىڭـغۇ؟» دەپ ئـويلىدى، تـەستىرەك
ئېلىپ، ئىلتىپاتقا جـاۋابـەن : رەھـ
مـەت ئاخۇنۇم، بۇمۇ لازىم ئەمەس ئىدى ــ
دەپ قويدى .

— ئەمدى يېقىرنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ قالدىڭلا، ئىمام ئاخۇنۇمغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئەيتىڭلا، ئەتىلا بازارغا چىقىپ سەللە، پەرىجە، ئىسكىلاچ مەيسە سېتىۋالسىلا، ئەتە جۈمە ۋاقتىدىن بۇرۇن بولسۇن، جۈمە نامىزىغا ئۆزلىرى، ئىمرزان تولايلا، بىراق، بۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياخشى-يامان گەپ سۆز، غەيۋەت-شىكايەت، نەھى قىلىنىشلاردىن خالىي بولۇشىڭىز كېرەك، گۇناھ بولىدۇ، بەڭگى — قەلەندەر، ئوغرى-قىمارۋازلاردىن پەرقىڭىز بولسۇن، گەپ تامام ۋەسسالام — دېدى گايىت مەزىننىڭ.

«ئاخىرىدا چېقىۋالدىڭ چايان»، دەپ ئويلىدى كېپەك ئاخۇن، لېكىن چىش يېرىپ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمە خىيالدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ بىلىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. ئەتىسى جۈمە ۋاقتى بولغىچە، كېپەك ئاخۇن، كىرىۋالىدىغان بىر كاۋاك ئىزدەپ ئاۋارە بولدى. كېيىم — كېچەكمۇ ئېلىشقا چىقمىدى. يېزىنىڭ بۇ كالتە بازىرىدا نەدىمۇ مەزىنگە لايىق سەرپاي بولسۇن!؟ شەھەرگە بېرىش كېرەكتە، راس گەپنى قىلغاندا، كېپەك ئاخۇننىڭ ھەسچىت ھاياتىغا بىر يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەزان ئەيتىشنى بىلمەيتتى، ئۆزىنىڭ مەزىنلىك مەرتىۋىسىگە چىقىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە ھەمدۇل ئىمام بىلەن گايىت مەزىن، ئۆزلىرىنى قوغداپ قېلىش يولىدا، بۇ ساۋاتسىزنى، بىرى مۇشكۈل بىر ئىشقا مۇپتىلا قىلىپ قويدى. ئېنى، ھەق ئۈچۈن سۆزلىگەن ئېغىزى، مۇشۇ بالاغا قويدى. شۇنداق قىلىپ، جۈمە ۋاقتى يېقىنلاشقانىدا، كېپەك ئاخۇن، چوڭ ئۆستەڭ بويىدىكى بوستانلىق ئىچىگە چۆكۈپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ياتتى. خۇمارى تازا تۇتتىمۇ، ئۆزىنى بىسىپ، ئاچچىق تاماكا ئوراپ چېكىپ ۋاقتىنى كۈتتى، ئاخىرى ئىزانمۇ چىقتى. كېپەك ئاخۇن ئۇلۇغ بىر نەپەس ئالدى - دە، ئۆستەڭ لىۋىگە كېلىپ، تالىپ بالىلارنىڭ ئۈگەتكەن تەلىمى بويىچە ھەركەت قىلىپ تەرەت ئالدى. ئەڭ ئاخىرقى «ۋاقتى ناماز!...» جاكاسىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ مەسچىتكە يېتىپ كەلگەندە، جامائەت سەپكە تۇرۇپ بولغانىدى. بىركەمدە، گايىت مەزىننىڭ «سەپراس!» دەپ ۋارقىرىغان چىقىراق ئاۋازى ئىچكىرىدىن ئاڭلاندى. كېپەكبايمۇ بوش كەلمىدى. «سالدىم كېمەمنى تەۋەككۈل دەرياسىغا، يا — بايدىن چىقسۇن ياكى سايرامدىن» دېدىيۇ نېمە؟ بوم، ئوتلۇق ئاۋازى بىلەن «سەپراس! — سەپراس!» دەپ ئۈچ مەرتىۋە تۇۋلىدى. ئۇنىڭ، ئىچكىرى خانقانىڭ مېھرابى ئالدىدىكى ئىمام بىلەن مەزىنگە «ئاكاڭ قارىغاي بۇ يەردە» دەپ، بەرگەن بىشارىتى ئىدى.

دەرۋەقە، جۈمە ئوقۇلۇپ بولغاندا، ھەمدۇل قارى ئىمام كېپەكباينىڭ ياردەمچى مەزىنلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئادەتتە بۇرۇنقى ۋەزىپىسىنىمۇ ئىشلەۋېرىدىغانلىقىنى، ھەر ئايدا جامائەتتىن ئوتتۇزكوي يىغىپ بېرىلىدىغانلىقىنى جاكالىۋەتتى. بەزىلەر كۈلۈشتى، بەزىلەر ياقا تۇتۇشتى ۋە بەزىلەر مۇبارەكلەشتى. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى شەرىپىگە «مەزىن» دېگەن ئۇلۇغ نام چاپلاشقانىدى. كېپەك مەزىننىڭ ياشلاردىن ئۆلپەتلىرى خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار بىلەن ئۆستەڭ بويلىرىدا، بوتكىلار ئالدىدا تونۇشقانىدى. ئەمدى ئۇلار گەپ بىلەن قىچقىلاپ ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. كېپەك مەزىن، مەزىن بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئالدىراش بىر ئىش بىلەن يوقىرى كېتىۋاتقانىدى. تۆت

كوچا دوقمۇشىغا يىغىلىپ قالغان پاراكەندە ياشلاردىن بىرى: كېپەك مەزىن ئاخۇنۇم، ئىشلىرى بەك ئالدىراشقۇ؟ نەگە ماڭدىلا؟ — دېدى. «ئۆستەڭ بويى بەك پەيزى بولۇپ كەتتى جۇمۇڭلا ئاغىنىلەر» — دېدى يەنە بىر بەڭباش يىگىت. كېپەك مەزىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. بۇ ئىش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندا، مەزىن ئاخۇنۇم كوچىغا چىقمايمۇ باقتى. يەنە چىقماي بولمىدى. ئۇنىڭ بەك خۇمارى، پات-پاتلا قىستاپ قوياتتى-دە، چېكىش چۈش، خۇپتەندىن كېيىن ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ قالاتتى، شۇنچە پىنھان دەپ قارىغان جايىدىمۇ، ھېلىقى كەپسىز ياشلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالاتتى-دە، بىردەم كېچىلەرگىچە پىنىنەك تارتىشىپ كېتەتتى. ئاخىرى ئەزان توۋلاشنىمۇ ئۆگىنىپ ئالدى، بۇ يېقىندىن بېرى ھەمدۇل ئىمام بىلەن كايىت مەزىن نوكاي چىلىم زىيا پېتىنگە چاقىرمايدىغان بولۇۋالغانىدىن سېرت، بامداتتىقا، پېشىنگە ئەزان چاللاشنى كېپەك مەزىنگىلا بەقشەندى قىلىۋەتكەچكە، خۇمارى تۇتۇپ، كۆزلىرى بۇرۇلۇپ كەتسىمۇ چىدايدىغان بولدى.

چىداشنىڭ چېكى، سەۋرىنىڭ قاچىسى بار-دە، كېپەك مەزىننىڭ ئىشلىرى ئىككى ئايچە داۋاملاشتى، ئەتراپنى ئالتۇن كۆز مەنزىرىسى قاپلاشقا باشلىدى. كېپەك مەزىننىڭ ئىچىدىكە خىيالى «خۇدا بۇيرىسا، كېلەر يىلى مۇشۇكەمگىچە يەتكىدەك يىغىۋالسام» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ يېزىلاردىكى كونا چوپقە تىلىرى ئەسكى لاتىلارغا تۈگۈنچەكلەرنى ئوراپ ئېلىپ كىرىشىدىغان بولۇشتى.

بەزىلىرى تېخى پۇل ئالغىلى ئۇنىمايدۇ-دەڭ! «ئوخشاش، بولدى-بولدى، مۇنچىلىك نەرسىنىمۇ...، كەلىدىرنى ئۆزەم تېپىرىغان...» دېگەندەك پەش-كۆشلار، تەكەللۇپ سۆزلەر بولۇپ تۇرىدىغان ئىش كۆپەيمەكتە ئىدى. مانا بۈگۈن يەكشەنبە، بازار كۈنى، كېپەك مەزىننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كونا چوپقە تىلىرىدىن بىرى ئۇچراپ قالدى-دە، ئۇنى ئاشپۇزۇلغا باشلاپ، پېتىرمانتۇ بىلەن مېھمان قىلىپ، بىردەم ئۆزگە پىلىرىنى بازارغا سېلىشقانىدىن كېيىن، ئاپتاپ يەپ مەلەق بولۇپ كەتكىنىدىن توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدا بىر دۆگىلەك تەقدىم قىلدىيۇ، تەرىپلەپ ماختاشقا باشلىدى. كېپەك مەزىننىڭ نەپەسلىرى قۇرۇپ، شۆلگەيلىرى ئېقىشقا تاسلا قالدى-دە، خۇمارى كەجگىمىدىن تۇتتى. ئۇلار ئاشپۇزۇلدىن چىقىشىپ، چوڭ ئۆستەڭ بويىغا بېرىشتى-دە، دولقۇن ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ، قولدىن قولغا سۇنۇشۇپ راسا چېكىشىۋالدى. كۆزلىرى ئالۇدە، دىلى پەرىشان بولۇشۇپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان سۆگەت تېنىنى پانا قىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

بۇ ئىككى دوست، چاي ۋاقتى بىلەنلا ئۇچراشقان بولغاچقا، تېخى ئانچە ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى. ئۆستەڭ بويىغا تۇتاش تېرەكلەردە ئوت يەۋاتقان ئۇلاغلار ئىچىدىن، موزدېيىنى چاقىرىپ قاتتىق مۆرىگەن بىر سېپىرنىڭ ئاۋازى كېپەك مەزىننى ئۇيقۇدىن تەزدۇرۇۋەتتى. ئۇ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، گاراڭلاشقان ئەپتىنى كۆتۈرۈپ، ھېچنەرسىگە قارىماي مەسچىتكە قاراپ ماڭدى. بازاردا ئادەم كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈپ

كېتىۋاتقان كىشىلەر، كېپەك مەزىننىڭ كۆزىگە ئالا يېشىل بايراقلارنى، بىر تۇرۇپ ئۈزۈن تانىغا ئارتىۋەتكەن سودىگەر يايمىلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي بىر دەپ مەسچىت دەرۋازىسىنى ئاچتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پېشىن ۋاقتى بولۇپ، ئەزان چىللاش پەيتى بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ مەزىن ھېچكە پىتىن- گەپ يوقلا، پەشتاق پەلەمپەيلىرىگە قەدەم قويىدى-دە، ئۆمىلىگەنىدەك قىلىپ، ئاران بالامقىتا پەشتاققا چىقتى، چىقتىيۇ، ئەڭ يۇقىرىقى پەللەمپەيگە قەدەم قويۇشقا ماجالى يەتمىدى. چۈش مەزگىلىمۇ بولمىغانىدى. جامە ئەتراپىدىكى ھۆپىگەرلەرنىڭ كۆزلۈك بازار سودىسى ئەمدىلا قىزىۋاتقانىدى. كېپەك مەزىن ئاخۇنۇم پېشىنگە ئەزان باشلىۋەتتى.

— «ئاللا!...ھۇ ئەكبەر!...» -دېدى-دە، جىمىپ قالدى. ئارىدىن بىر ھەمەل ئۆتتى. «ئاللا!... ھۇ ئەكبەر...!» - يەنە تەكرارلىدى. سودىگەرلەرسا ئەتىگە، دېھقانلار كۆنگە قاراشتى، -«ئاللا!...ھۇ ئەكبەر!...» يەنە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئارىدىن ئۈچ مىنۇت، بەش مىنۇت ئۆتتۈۋەردى. ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرغانلار ھەيران بولۇشۇۋاتقانىدى، يەنىلا -«ئاللا!... ھۇ ئە...ئەكبەر!» دېگەن جۈملە تۆتىنچى قېتىم تەكرارلاندى. مانا ئەمدى، كۈلكىدىن باشقا گەپكە ئورۇن قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئەزاننىڭ ئاخىرى چىقىش لازىم ئىدى. ئۇنىڭدىنمۇ سادا يوق. ئون مىنۇت، يىگىرمە مىنۇت، يەنە جىمجىت، ئەتراپتىكىلەردىن بىر قانچىسى مەسچىت ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى-دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پەللەمپەيلەردىن ئاتلاپ ئۈستىگە چىقىشتى. كېپەك مەزىننىڭ ئەيتىگە قاراپ ھەيران قېلىشتى-دە، جىددىيلىشىشكە باشلىدى. باش كۆزلىرى قىپ قىزىل قانغا بويالغان مەزىن، پەشتاق ئۈستىدە پەللەمپەيلەرنىڭ ئاستىدا بىھوش ھالدا خارقىراپ ياتقانىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنى ئۇچراتقان كىشىلەر دوختۇرخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى. كېپەك مەزىن ئاخۇننىڭ يارىسى خېلى ئېغىر بولغاچقا، يۈز-كۆزلىرىنى ئۇ يەر بۇ يەردىن بولۇپ يەتتە-سەككىز يېپىلىق يامالغانىدى. شۇ ۋەجىدىنمىكىن؟ ئون بەش كۈنچە بالنىستا يېتىپ قالدى- ئۇ ئەمدى دوختۇرخانىدىن چىقماقچى بولۇۋىدى، دوختۇر ئەنۋەر ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى-دە: خوش، مەزىن تاغا، ياخشى بولۇپ قالدىلا؟- دېدى.

— خوش، ئەلھەمدۇلىللا، دوختۇر ئەپەندىم، ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قوللىرى، ھەمشىرىلەرنىڭ شەپقىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك بولدۇم، -دېدى مەزىن. ئۇ سېستىرا قىزلاردىن ئەينەك سورىدى، ئەينەكمۇ بار بولدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ ئەپتىنى كۆردى-دە، ئاچچىق خورسىنىش بىلەن كىمنا يىلىك كۈلۈپ،- ھە كېپەك تاتۇق، يېڭى لەقەملىرىگە مۇبارەك بولغاي-دېدىيۇ ئۆڭ قول بارماقلىرىنى ساناپ، ھە، كېپەك قىماۋاز، كېپەك، كېپەك چولاق، كېپەك سالجا، كېپەك مەزىن، مانا بولدۇڭ كېپەك تاتۇق، پۈتۈن ئۆمرۈڭدە بەش لەقەم بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭ. ئاخىرقى ھەرتەۋەڭ ئاخىرقى يالدامىنى قالدۇردى. ئەمدى نەگە بارىسەن؟- دېدىيۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى، ئەنۋەر دوختۇر ئۇنىڭغا تەسەللىي

(ئاخىرى 22- بەتتە)

# ھېكايىلەر

ئابدۇرېھىم ئابلىمىت

## تۈرۈلگەن قاپاق

دوستىمنى ئۇزىتىپ كىرگەن زىدىرنىسا ئىشخانا ئىشىكىنى يەڭگىل ياپتى-دە، شىرە ئۈستىدىكى تېخى بايىلا بىرسى ئەكىرىپ بەرگەن گېزىتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كۈندىلىك ئادىتى ئىدى. ئۇ بىر-بىر سان گېزىتنى ئوقۇش ئۈچۈن كۆپ دېگەندىمۇ ئىككى مىنۇت ۋاقىت چىقىراتتى. گېزىتنىڭ باش ئايىغىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتى-دە، بەزىدە قانداقتۇر بىر-ئىككى كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندەك قاپىقىنى تۈرگەن پېتى قولىدىكى گېزىتنى پۇرلىغىنىچە تاشلاپ قوياتتى. بەزىدە بولسا خۇشاللىنىپ چىرايىغا تەبەسسۇم قوناتتى-دە، خۇددى بالا ۋاقتىدىكى شوخلۇقى يادىغا يېتىپ كەتكەندەك سەكرەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق خۇشاللىنىدىغان ۋاقتى كۆپ ئەمەس ئىدى.. ئايدا بىر-ئىككى قېتىم ئاشۇنداق خۇشاللىناتتى. ئۇنى ئاشۇنداق خۇشاللاندۇرىدىغان نەرسە زادى نېمە؟ گېزىتكە بېسىلغان بىرەر دېھقاننىڭ بېيىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ ياكى بىرەر يېڭى مەھسۇلاتنى سىنىتىش ھەققىدىكى ئېلانمۇ؟ ياق-ياق، ھېچقايسىسى ئەمەس. ئۇنداق نەرسىلەر ئۇنى بۇنداق خۇشال قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە گېزىت يۈزىدىكى ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پايدىسى تەگمەيدىغان قۇرۇق گەپلەر تىزمىسى، خالاس. ئۇنى خۇشال قىلىپ، قانىتىنى ئۇرغۇتىدىغان نەرسە پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ گېزىت يۈزىدىن يولدىشىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈش. ئۇنىڭ يولدىشىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ خۇشاللىنىپ كەتكىدەك ياكى يولدىشى يىراق بىر يەرگە سەپەرگە كەتكەن ئەمەس ياكى ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشقانمۇ ئەمەس. يولدىشى ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بىر ياستۇققا باش قويىدۇ. ئۇ يولدىشىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈش ئۈچۈنلا ئۆز نەزىرىدە خېلى كۆپ پۇل چىقىم قىلىپ گېزىت - ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغان بىلەن ئاي - يىللاپ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئالقانچىلىك يېرىنى ئوقۇمايدۇ. پەقەت بەزىدە ئارىدەك ئورۇق ۋە ئۇزۇن قوللىرىنى سوزۇپ يولدىشىنىڭ ئىسمى ئاستىدىكى شېئىرلارنى غىرىچلايدۇ. بەزىدە غىرىچقا توشمىسا تارتمىسىدىن قاتلىما مېترنى ئېلىپ سانتىلاپمۇ باقىدۇ. ئۇنىڭچە شېئىر قانچىكى كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى!

بۈگۈن ئۇ خۇشاللاندى، خۇشاللانغاندىمۇ باشقا ۋاقىتلاردىكىدىن بەكرەك خۇشاللاندى. گېزىت يۈزىدىن يولدىشىنىڭ ئىسمىنى كۆردى-دە، ئادىتى بويىچە قوللىرىنى سوزۇپ شېئىرلارنى غىرىچلاشقا باشلىدى. مانا، توپ-توغرا ئالتە غىرىچ! ئاي-ھاي، نېمە دې-

گەن كۆپ شېئىر — ھە!؟ زىبەرنىسا قولىدىكى گېزىتنى كۆكسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ياقتى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ يېقىملىق كۈلگىنىچە بىر نەچچىنى پىرقىرىتتى. ئاندىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئىچكەچ خىيالغا كەتتى.

«ئالتە غېرىچ! تۇپتوغرا ئالتە غېرىچ! ئاز دېگەندىمۇ 40 يۈەن كېلىدۇ دېگەن گەپ، بۇ نۆۋەت ئۇنىڭ قولىغا بىر پۇڭمۇ تۇتقۇزمايمەن. ھەر خىل ناز-جىلۋىلىرىمنى ئىشقا سالىمەن. ئەگەر ئۇ كارغا كەلمىسە بۇتنايمەن، دومسىيىمەن، ھەتتا بىر نەچچە كۈن يۈزىگە قارىماي ياستۇقۇمنى ئايرىيمەن. ئۇمۇ تاش يۈرەكلىك قىلماس. 40 يۈەن دېگەنلىكمۇ ماڭا بىر ئاي يەتكىدەك پەداز بويۇملىرى كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ قەلەم ھەققىگە كۆز - قۇلاق بولۇش ئۈچۈنلا بىر مۇنچە پۇلۇمنى سەرپ قىلىپ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدۇمغۇ؟ ئۇغۇ ماڭا قارا سانىمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاشۇنداق قىلمىسام كۆڭلۈم تىنجىمايدۇ.

بۈگۈن ئىشتىن بالدۇراق قايتىپ راسا ئوخشىتىپ تاماق تەييارلاي. ئاندىن پۈتۈن ناز - جىلۋىلىرىمنى ئىشقا سالاي. تېخى گېزى كەلسە ئىشىكتىن كىرىپ بولغىچە بوينىغا ئېسىلىپ چوككىدە بىرنى... ھەي، يەنە ئازراق قوشۇپ بېسىۋېتىمچۇ، ئۇ نېمىلەر! خۇددى ئۆز يېنىدىن پۇل بېرىدىغاندەك...»

زىبەرنىسا خىيالدىن باش تارتىپ سائىتىگە قارىدى. سومكىسىنى ئالدى-دە، ئىشخانا ئىشىكىنى ئېتىپ ئۇدۇل قاساپ بازىرىغا باردى. ئۇ سومكىسىنى گۆش ۋە سەي-كۆكتاتلار بىلەن تولدۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئويلىغىنىدەك ئىش قىلدى. ئۆي ئىچىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ يۈزلىرىنى خۇددى سۈت بىلەن يۇغۇرغاندەك ئاقارتتى. كىرپىك ۋە لەۋلىرىگە گىرىم قىلدى.

ئىشىك ئالدىدا يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. زىبەرنىسا دالان ئىشىكىدىن چىقىپ بولغىچە يولدىشى ئۆيگە كىردى.

— كېلىڭ، — دېدى ئۇ ئىككى تەرەپكە تولغىنىپ تۇرۇپ، — ئادەمنى شۇنداقمۇ ساقلىتامسىز؟

— تېخى ئەمدى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولدى زىبەرنىسا، — دېدى يولدىشى ئەمكىن ھالدا.

— ۋاي - ۋۇي، شۇنداقمۇ؟ كېلىڭ ئەمىسە، مەرھەمەت، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ يولدىشىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئۇزاتتى، كۈلۈمسىرىدى، نازلىق تولغاندى، ئاخىرىدا ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ، ئاغزىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇزاتتى...

تاماق تەييارلاندى. ئىككەيلەن تاماق شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. زىبەرنىسا قاچىسىدىكى گۆشلەرنى ئېلىپ ھەدەپ يولدىشىنىڭ ئاغزىغا ئۇزىتاتتى.

تاماق يېيىلىپ بولغاندا زىبەرنىسا يولدىشىدىن سورىدى:

— بۈگۈن ئېلان قىلىنغان شېئىرىڭىزنى كۆرگەنسىز؟

— كۆردۈم، — دېدى يولدىشى.

— خېلى كۆپ ئىكەن، پۇلىمۇ خېلى كۆپ بەرگىدەك، — دېدى زىبەرنىسا كۆزلىرىنى يولدىشىغا تىكىپ.

—ھەي سەنزە، پۇل بىلەنلا ئاۋارىكەنسەن جۇمۇ!

— ئەمدى شۇ، ھە، بۇ نۆۋەت قەلەم ھەققىڭىزنى ماڭا بېرەرسىز؟ ئۇ پۇلغا ئوبدان نەرسىلەردىن سېتىۋالاي، — زىبىرنىسانىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆكسىمەيتتى، كۆزلىرى ھامان يولدىشىغا تىكىلگىنىچە ئوينايتتى. يوغان كۆكسى توختىماي لىغىرلايتتى.

— زىبىرنىسا، — دېدى يولدىشى، — ئۇ شېئىرىمنىڭ قەلەم ھەققىنى يېقىندا ئىش باشلىنىدىغان «X» ئالىمىنىڭ قەبرىسىنى ياساش ئىشىغا ئىئانە قىلىشنى ئويلىغانىمەن.

—ھە!؟ نېمە دېدىڭىز؟ ياق — ياق. مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق سۆڭەكلىرى توپىغا ئايلىنىپ بولغان ئادەم ئۈچۈن پۇل ئاتاش تولىمۇ ئەخمەقلىق، بىمەنىلىك.

— ئەخمەقلىق ئەمەس، بەلكى دانالىق!

زىبىرنىسا يولدىشىنىڭ گېپىدىن يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ سۇپىغا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، بەئەينى ھازىدار ئاياللاردەك ھۆكىرەپ يىغلىماقتا ئىدى.

## مۇھىم ئىش

ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ ئېغىر يارىلانغان تۇرغۇن «X» دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندى. بۆلۈم ئىشىكى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەندى. ئاپئاق خالات كەيگەن ئىككى دوختۇر دەرھال ئەينەكلەرنى سۈرتىۋاتاتتى. ھەممىسى تازىلىق بىلەن ئالدىراش ئىدى.

تۇرغۇننى يۆلىۋالغان كىشى ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى — دە، ھېلىقى دەرھال سۈرتىۋاتقان دوختۇرلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— دوختۇر، بۇ يولداش ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ...

ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگەتمەستىنلا ئىككى دوختۇر ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراشتى — يۇ، يەنىلا دەرھال سۈرتۈشنى داۋاملاشتۇردى.

تۇرغۇن ھوشسىز ئىدى. ئۇ كىشى تاقەتسىزلەندى:

— دوختۇر، بۇ كىشىلەرنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىشىڭلارغا موھتاج.

دوختۇرلارنىڭ بىرى كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— يۇقىرىدىن تازىلىق تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەر يەنە بىر سائەتتىن كېيىن كېلىدۇ. ھازىر بىزگە ھەممىدىن تازىلىق قىلىش مۇھىم، — دېدى.

— دوختۇر، بۇ كىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ مۇھىم ئىش!

— يولداش، ئۇقۇڭ شۇنداق. كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىش بەكمۇ مۇھىم ئىدى. بىراق ھازىر «تازىلىقتا يۇقىرى ئېقىم» ئۇنىڭدىنمۇ بەك مۇھىم بولۇپ قالدى.

ئۇلار غەيرەت ئەينەك سۈرتەتتى. بىرى دېمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتسا، ئىككىنچىسى تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ ئىسقىرتىپ ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلاتتى. بىرى ئاغزىنى يېقىپ ئەينەكنى ھوردىسا، يەنە بىرى دەمۇ تېشىدىن خۇددى شۇ يەرنى ئەنە شۇنداق ھوردايتتى.

ئۇ كىشى تولىمۇ جىددىيلەشتى — دە، تۇرغۇننىڭ بۇرنىغا قولىنىڭ ئالقىنىنى

يېقىن ئەكەلدى. ئۇنىڭ ئېنىقى بارغانسېرى پەسەيمەكتە ئىدى...

## قولىدىن كەتكەن پۇرسەت

سابىروپ ئۆزىنىڭ چۈشتىن كېيىن ئىدارىدا ئېچىلىدىغان يىغىنغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشاللاندى. چۈنكى، يېقىندىن بېرى ئۇنى يىغىن - پىغىن دېگەنلەرگە تەكلىپ قىلىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ پېنسىيىگە چىققان بىر يىلدىن بۇيان ئۆزىنى خۇددى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ساھىپجامالدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىئاراملىق ھېس قىلدى. ئېنىقراقى، ئۆزىنىڭ ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىدىكى كىشىلەرنى كۈنلەپ ئاغزىغا قارىتىدىغان ئېمتىيازىدىن ئايرىلىپ قالدى.

سابىروپ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ ياغاق يۈزىدىكى تۈكلەرنى كارتىلدىتىپ قىردى. يېڭى تىكتۈرگەن كاستىيوم - بۇرۇلكىسىنى كەيدى. ئاندىن چوڭ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كەلدى - دە، ئەينەكتىكى سۈرىتىنى كۆرۈپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.

— نېمە بوللا؟ ياسىنىپ كېتىپىلىغۇ؟ - دېدى سىرتتىن كىرگەن ئايالى سابىروپقا قاراپ.

— بۈگۈن مېنى ئىدارىدىن يىغىنغا چاقىرىپتۇ، تېزراق بېرىشىم كېرەك، - دېدى سابىروپ ئەينەك ئالدىدىن يىراقلىشىپ.

— نېمە يىغىنكەن ئۇ؟

— كىم بىلدى دەيسەن، ئىش قىلىپ يىغىنكەن،

— قاچان ئېچىلىدىكەن؟

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا.

— يۇقىرىدىن باشلىق كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنىسى نامەلۇم، بىراق، مېنى چاقىرغىنىدىن قارىغاندا خېلى مۇھىم يىغىن ئوخشايدۇ.

— بوپتۇ، بېرىپ كەلسىلە، بىر يىلدىن بېرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ زېرىكىپمۇ قاللا. ئۇنىسى - بۇنىسى كۆرگەچ ئىدارىدىكى يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەرلا.

— بەزى يولداشلارنى دېسەم ئىدارىغا بارغۇمۇ يوق دېگىنە. بەزى كىشىلەر تولىمۇ يۈزسىز كېلىدىكەن. ئىدارە باشلىقى ۋاقتىمدا تازىم قىلىپ ئالدىمدىن كېتەلمەيدىغانلار ئەمدىلىكتە ئالدىمدا كىدىيىپ يۈرۈشىدۇ. بىراق، ئەشۇنداق كىشىلەرگە ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بېرىشىم كېرەك.

سابىروپ كارىۋات ئۈستىگە كېلىپ يانپاشلىدى. ئايالى تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى. سابىروپ بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ مەقسىتىنى ئويلاپ، ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، كىچىك بالىلاردەك سەكرەپ كەتتى.

— ۋاي نېمە بولدى؟ - دەپ سورىدى ئايالى.

— يىغىنىنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋالدىم.

— ھە، قانداق يىغىن ئىكەن؟

— ئەتە ئەمگەكچىلەر بايرىمى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ بايرامنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئېچىلغان يىغىن بولمامدۇ!...

— توغرا، چوقۇم شۇنداق.

سابىروپ يىغىنىنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋالغىنىدىن خۇشاللاندى ۋە يىغىندا ئۆزىنىڭ سۆزگە تەكلىپ قىلىنىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى.

ئۇ، قايتىدىن كارۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئويلايتتى: «يىغىندا مېنى چوقۇم سۆزگە تەكلىپ قىلىشىدۇ. ئاز دېگەندە ئىككى سائەت سۆزلىشىم كېرەك. ئالدى بىلەن ئەمگەكچىلەر بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى سۆزلەيمەن. ئاندىن ئەمگەكنى سۆيۈش ھەققىدە بىر ھازا سۆزلىشىم كېرەك. ئىككى سائەت سۆزلەشكە بەرداشلىق بېرەلەرمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكىدەك يىغىننىڭ ئالدىدا ماڭا يىغىندا ئوقۇش ئۈچۈن ماتېرىيال يېزىپ بېرىدىغان كاتىپىم يوق تۇرسا...»

سابىروپنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئېرىنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرگەن ئايالى سورىدى:

— نېمە بوللا؟ چىرايلىرىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغۇ؟

— نېمە بولاتتىم، يىغىندا ئاز دېگەندە ئىككى سائەت سۆزلەيدىغان گەپ، ئىلگىرىكىدەك ھەممە ماتېرىيالنى كاتىپ تەييارلاپ بېرىدىغان گەپ يوق. كىشىلەرنى جەلپ قىلالىغۇدەك سۆزلىمىسەم كىشىلەر ئالدىدا كۈلكىگە قالمامدىمەن؟

— شۇنىڭدىنمۇ غەم قىلغان بارمۇ؟

— ئەمسە قانداق قىلىمەن؟

— پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم ئەمگەكچىلەر بايرىمىدا ماتېرىيال ئوقۇپ بېرىپ كەلدىم، دېگەن ئىدىلىغۇ؟ شۇ ماتېرىيالنى قايتا ئوقۇپ بەرسىلىرى بولمامدىمۇ؟

— يارايسەن خوتۇن، يارايسەن!

سابىروپ ئايالىنىڭ ئەقلىگە باركاللا ئېيتتى. ئورنىدىن قوپۇپ ئىشكاپنى ئاختۇردى. تەلىيىگە يارىشا ئىزلىگەن ماتېرىيال تېپىلدى. بۇ ماتېرىيالنى ئۇ پېنسىيىگە چىقىشتىن ئىلگىرى ئىدارە كاتىپى يېزىپ بەرگەنىدى.

سابىروپ تاماق يېيىشكە باشلىغانىدا سائەت بىردىن ئاشقانىدى.

— بولدىلا، تاماقنى كېيىن يەرمەن، — دېدى ئۇ خۇددى جىددىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئازراق بولسىمۇ يېۋالسىلا، ئىدارە بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقى خېلى ئۇزۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىندا سۆز قىلىلا. قورساقلىرى ئېچىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى ئايالى ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ.

— ھەي، ۋېلسىپىت مىنىشنى بىلسەممۇ كاشكى، پىيادە بارىدىغان گەپ. ئىدارىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ئەۋەتسىچۇ ئۇ بىر نېمىلەر. بولدىلا، ماڭاي.

سابىروپ ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئىدارىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ پات - پات سائىتىگە قاراپ قوياتتى. سائەت ئىستىرېلكىسىمۇ ئۇنىڭ قەدىمى بىلەن بەسلەشكەندەك توختىماستىن رېتىملىق ئايلىناتتى. سابىروپنىڭ

ئىچى سىقىلدى. يول تەڭ بولغانىدا سائەت دەل بىر يېرىم بولغانىدى.

سابىروپ ئىدارىغا كېلىپ يىغىن زالىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئېلىشىغا، زال ئىچىدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. يىغىن سەھنىسىدە تەقدىرنامە تۇتقان كىشىلەر قاتار تىزىلغانىدى. سابىروپ قەددىنى رۇسلاپ، مەغرۇر قىياپەتتە يىغىن سەھنىسىگە بېرىۋېدى، كىمدۇر بىرسى ئۇنى بوش ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ، تەكلىپ قىلىنغان ئورۇندا ئولتۇردى-دە، قول ياغلىقى بىلەن پېشانە تەرلىرىنى ئېتىۋالغاندىن كېيىن ھېلىقى «ماتېرىيال»نى يانچۇقىدىن ئېلىپ، شىرە ئۈستىگە قويدى. سەھنىدىكى تەقدىرنامە ئالغۇچىلارمۇ خۇشال ھالدا سەھنىدىن ئايرىلىشتى.

— يولداشلار، — دېدى ئىدارە باشلىقى، — بۈگۈنكى ئىدارىمىزدىكى «خىزمەت ئىلغارى» بولۇپ باھالانغانلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنىمىز ئاخىرلاشتى. ئاخىرىدا دەيدىغان بىر گەپ: نۆۋەتتە ھەممە جايدا ۋاقىتنى تېجەپ، ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش تەكىتلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز، بۈگۈندىن باشلاپ، ھەر خىل يىغىنلارنىڭ ئېچىلىش ۋاقتىنى قىسقارتماقچىمىز ۋە بەزى قالايمىقان يىغىن ئېچىش، يىغىن ۋاقتىدا ئۇزۇن سۆزلەشتەك ناتوغرا ئىستىللارنى ئىسلاھ قىلماقچىمىز.

ئىدارە باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. سابىروپ جىددىيلىشىپ سائەتكە قارىغانىدى، توپتوغرا ئىككى يېرىم بولغانلىقىنى كۆردى.

يىغىن باشقۇرغۇچى بۈگۈنكى يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا سابىروپ خۇددى مۇھىم بىر نەرسىنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك تېپىرلاپ كەتتى.

---

(بېشى 16 ـ بەتتە)

بەردى، — قانچە پۇل كەلدى دوختۇر ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدى يەنە.

— بىز ئۆزلىرىنى ھەقسىز داۋالاپ قويدۇق. بۇ پارتىيىمىزنىڭ داۋالاش سەپلىزىدىن يېتىشۋاتقان غەمخورلۇقى، ئەمدى، خاتىرجەم چىقىپ كېتىۋەرسىلە، — دېدى ئەنۋەر. مەزىن يەنە يىغلىدى.

— يوتقان — كۆرپەم تۇرۇپ تۇرسۇن — دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياغلىرىنى كىيدى-دە، دوختۇرلارغا رەھمەت ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىزنىڭ يولداشلاردىن بىرى مەسچىتكە يەتكۈزۈپ بېرەرسۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەنۋەر دوختۇر.

— ياق، ئەمدى ئۇ يەرگە بارمايمەن. كاللامنى يېمەيمەن، چىشىمنى چاقمايمەن، مەن ئىنسان، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ھالال نان يەپ، ھالال ياشايدىغان يولغا قەدەم تاشلىماقچىمەن. ھازىرلا، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ يەر تەلەپ قىلىمەن، — دەپ ياتاقتىن چىقتى. ئۇ، دوختۇرخانىدىن چىققانچە، ھېچنىمىگە قارىماي، يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

# شېئىرلار

## مۇتەللىپ خۇرسەندى

### باللىقتىكى دوستۇمغا

تارتىنىشنى بىلمەيتتۇق ئۇ چاغ،
تۇيغۇمىزدىن ساقىتتى دۇنيا.
چۆچەكلەرنى ئېيتىپ قالغان كېچە،
ئۇزاقتىكى مەۋھۇم چۈش گويا.

كۆلكىمىزنى كەتكەندۇر ئۇنتۇپ،
يالاڭ ئاياق يۈرگەن ساھىللار.
ئۇنتۇماس مەن ۋە لېكىن ئۆزۈڭ،
ئاھ، ئۆتتى شۇنچە كۆپ يىللار.

كىم ئويلىغان،
قىسمەت ئاخىرى،
يولىمىزنى باغلىدى مەھكەم.
بەختىڭ ئۈچۈن گويا بىر ئۆمۈر،
كىرپىكىڭدە ئاققان نۇر ئەركەم.

### شائىر بولۇپ...

ئەيىپ ئەتمە
زۆرۈر دېمەت ئەمەس،
شائىر بولماق ماڭىمۇ ئوخشاش.
تېشىپ ئۆتەر بىر كۈنى بەلكىم،
يۈرىكىمنى ئەگىپ يۈرگەن تاش.

كىم ئېيتىدۇ گۈلخان ئورنىدا،
دۆۋە - دۆۋە كۈللەر قالماس دەپ؟
تەققاس ئېسىل ئارمانغا، ئۇندىن،
چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلار ئەجەپ.

ئەيىپ ئەتمە،
زۆرۈر دېمەت ئەمەس،
سەن مەن ئۈچۈن بېرىشمەك قوللار.
قوغلاشقىنىم يوقتۇر شائىرلىق،
شائىر قىلدى مېنى بۇ يوللار.

### مەن

يوللىرىمنى يۇتتۇردۇم يولدا،
يوللار سەرسان يولۇمنى ئىزلەپ.
كىرپىكلىرىم تۆكۈلگەن دولقۇن،
خادا تاشنى يىغلىتار بەزلەپ.

يۇلتۇزلارغا يېزىپ شېئىرىمنى،
كۆكۈم تامان باشلىدىم خەتەر.
كېيىپ دەرۋىش كۈلاھلىرىنى،
سامان يولى كەڭلىكلىرىگە،
بارمىقىمدىن تۆكتۈم يېشىل تەر.

ئەللەيلىسە كۆڭۈلچەك شامال،
ئارالنى قىلدىم يېپىنچا.
تەئەججۇپتە باقار سەييارىلار،
چىمچىقلىتىپ كۆزلىرىنى ۋاھ.

### شائىر دېگەن

شەيتان مۇنداق ئويلارمىش:
«شائىر بىر دەم ئۇخلىسا؛

ئېزىلمەكتە بولۇپ ئىنسانىنى،
تېرىسام جەلىپ - ئىزاھىنى»
زېمىن مۇنداق ئويلارمىش:
«شائىر دېگەن پەرىشتە،
سېكىنال بىرەر يۇرەككە،
كېزىپ ھامان دۇنيانى».

## غازاك تېرىپ يولرگەن قىز...

قىز بېشىدا ئاھ ئۇرۇپ،
غازاكلارنى تېرىسەن.
كۆزلىرىڭدە سۇنۇق نۇر،
ئېيتقىنا قىز، كىمۇسەن؟

ئالغا نىمىتى غازاكلار،
ئۆتمۈشىڭنى خاتىرلەپ.

ئوقۇپ كۆرگىلى كەلدىمۇ،
ئەمدى ئۇنى بىر - بىرلەپ؟

## دۇنيادېگەن مۇشۇنداق...

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىگە)

كىمدىن قالغان،
قالماس يەنە كىملەرگە،
ئايىغىدا چۆرگىلەپ تۇرغان بۇ جاھان.
تۇغۇلمىقىڭ ئۆلمەك ئۈچۈن خاتىمە،
ئالار ھايات قەدەمدە بىر ئىمتىھان.

تەشۋىشلەنمە، روي بەرمەكى بەرىدىر،
كۆپ ئىشلارنىڭ ئارمانلارغا مۇخالىپ.
كۆلەلمەسەڭ شۇنداق مۇشكۇل پەيتلەردە،
قايىللىقىڭ شۇدۇر سېنىڭ ئاجايىپ.

## ئۈچ شېئىر

### مۇقارىپ يەھيا

#### ئەي ياپراقلار، شىلدىرلىماڭلار

ئەي ياپراقلار، شىلدىرلىماڭلار،
بەزمە قىلىپ مەيىن شامالدا.
يۈرۈكۈمنى ئويغۇتۇپ يەنە،
سۆيگۈ بەرگەن شېرىن ئاھاڭدا.

تۇنجى نۆۋەت كەلگەن چېغىمىز،
ئىگار بىلەن ئاڭلىدۇق قوشاق.
كويۇڭلاردا مۇڭداشتى يۈرەك،
سايەڭلارغا يۆلىنىپ ئۇزاق.

بوغۇزلىنىپ تاقەت قەبرىسى،
ئەبەدىيلىك ئاچقاندا قەسەم.
مۇھەببەتنىڭ كۆيگەن تىنىقى،
جىسمىڭلاردا ئۇچقۇندىدى ھەم.

ھەر يۈرەككە چۈشكەن مۇھەببەت،
مەڭگۈ بولسا ئۆلۈمدەك ئەگەر.
ئارمان دېگەن بۇ روھى ئۇقۇم،
بولماس ئىدى تاتلىق شۇ قەدەر.

كۆڭلەر ئۆتۈپ يارنىڭ قولىنى،
سۆرەپ كەتتى نەقىشلىق سۆيگۈ.
شۇ يار بىلەن تۈنىگەن قىسمەت،
ھىد بوپ قالدى خىيالى ئېزگۈ.

كەلگىنىمدە ۋە يالغۇز بىر چاغ،
شورلۇق سۆيگۈم ئىزلىگەن جاينى.
ئاھ! ياپراقلار شىلدىرلىمىدىڭلار،
مەسخىرە قىلىپ مەن روددىپاينى.

شۇنچە ئاچچىق شىلدىرلىدىڭلار،
نەس ھېجرانغا ياغدۇرۇپ نەغمە.

مېنىڭ ئۆچۈن ئۆلۈم كۈيى ئۇ،
يۈز ئۆردى گوياكى ھەمەمە.

مەن ھەيرانمەن سىلەردە سۆيگۈ،
نەپرەت بىلەن پەرقسىز ياشامدۇ.
ۋە كۆكسۈڭلار سۆيگۈ، نەپرەتنىڭ،
ناخشىسىنى ئوخشاش توۋلامدۇ.

مىرادىغا ياڭرىغان كۈلكە،
ھىجرانىمۇ ئوخشاشلا چاۋاك.
يا سىلەرگە قالدىمۇ يا راپ،
شۈنۇمىسى يارىلانغان بىپاك.

ئەي ياپراقلار شىلدىرلىماڭلار،
خاتىرەمنى ئويغۇتۇپ دەردتە.
ئولتۇرمايمەن ئۈمىدسىز قىسمەت،
كەپىسىنى ئىزلەپ نەپرەتتە.

بولدى قىل ئەي بەڭباش ياپراقلار،
زەردىگۆش دىل ئۆلمىسۈن بىۋاخ.
باغلىماڭلار تايىنسىز كۈيگە،
كېتىپ قالاي ەەنزىلىم ئۇزاق.

**تەنھا دېمە مېنى ئەي دىلبەر**

تەنھا دېمە مېنى ئەي دىلبەر،
ساھىللارنى كەزسەم خىيالچان.
ۋە تىكىلسە غەمكىن كۆزلىرىم،
دولقۇنلارغا، كۆتەرمەي چۇقان.

ئاي ھۆسنىدەك تىۋىشسىز كۆڭلۈم،
باغ ئىچىگە سىڭسە يىڭانە.
دېمە ھەرگىز جانان ۋەسلىدە،
دىلى ئۆلگەن نىمجان دىۋانە.

قەلبىمداشمەن تەبىئەت بىلەن،
دەريا مېنىڭ ئۈنۈمگە سىرداش.
ئاھ سەن كۆرگەن شۇ تىنىق كۆڭلۈم،
تۈندە يانغان يۇلتۇزغا ئاداش.

تەبىئەتكە، ماڭا جاي بەرگەن،
سۆيگۈم ئاقار دىلدا بىر دەريا:
ئۇ سۆيگىنىم سۈت بەرگەن ئانام،
تەنھا ئەمەس، ئۇ ماڭا ھەمراھ.

**غۇرۇر ئۇ يۈرەككە كۆمۈلگەن قۇياش**

غۇرۇر ئۇ يۈرەككە كۆمۈلگەن قۇياش،
مەردلىك دالىسىدا ياندۇرۇپ چىراق.
مۇنەۋۋەر ھاياتنىڭ ئىلاھى قولى،
جەسۇر تىنىقلاردا كۆتەرگەن بايراق.

ئۇ ۋۇجۇد ئۆلسىمۇ ئۆلمەس پەرىشتە،
قەبرىسىز ئىزلاردا قوشاق ياڭراتقان.
يۈرەكنى خورلىغان زۇلمەت قوللارنى،
پىنھان پايلاپ يۈرگەن جەسۇر پارتىزان.

يالماپ كېتەلمەيدۇ ئۇنىڭ ئۇنىنى،
تالاي ئارمانلارغا قاتىل ئوكيانلار.
ئاڭا گۇۋاھ بولار چۆللەدىكى يۇلغۇن،
ئاڭا گۇۋاھ بولار باتۇر تۇغيانلار.

ئۇ ئۇلۇغلۇقتا كۈلىدۇ غالىپ،
ئۇ رەزىللىككە سۈكۈتسىز خەنجەر.
ئەگەر ئۇ ئانا يۇرت قىلمىغان يۈرەك،
جەسەتتىن يايرىغان چىۋىندىن بەتتەر.

# قەلبىم ياشلىرى

## جېلىل خېلىل

### ئىس چىقىرىپ كۆيەر جىن چىراغ

ئىس چىقىرىپ كۆيەر جىن چىراغ ،
ناماز ئوقار مومام بىچارە .
لال بولىمەن ئۇنىڭ شۇ مەسۇم ،
بالىلاردەك يۇمشاق قەلبىگە .

ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇيقۇسىدا يەرگە ،
كۆزلىرىدىن تۆكۈلەر مونچاق .
شۇ قورايدەك ۋىجىك قەددىگە ،
تاغدەك ئازاب يۈكلەنگەن ھەر ۋاق .

ئۇيقۇ، تاماق ئۇنتۇلغان تامام ،
كېچە ـ كۈندۈز ئوقۇيدۇ دۇرۇت .
كۆڭلى ئارام تاپماس دەقىقە ،
مارجانلارنى سانىماي تۇرۇپ ...

× × ×

ئىس چىقىرىپ كۆيەر جىن چىراغ ،
ناماز ئوقار مومام بىچارە .
ئۇنىڭ سولغۇن ھالىغا قاراپ ،
بولۇپ كەتتى قەلبىم مىڭ پارە ...

### ناخشا

باشلىغىن ناخشاڭنى سۆيۈملۈك جانان ،
مەن ئاڭا تەلمۈرۈپ بولدۇم ئۆلگۈدەك .
كۈيلىگىن مۇقەددەس سۆيگۈ ھاياتنى ،
بۇ سولغۇن ياشلىقىم ئېچىلسۇن گۈلدەك .
سەن خۇشال، مەن غەمكىن يۈرۈپ كەينىڭدە
تىترەيدۇ بىتاقەت كۆكسۈمدە يۈرەك .

سەن تۆكۈل يىراقتىن كۆك ياغمۇرى بوپ ،
قاندۇراي باغرىمنى چاڭقاق يەر بولۇپ .
سەن نۇر چاچ يولۇمغا يارقىن شام بولۇپ ،
مەن ياشاي بىر ساڭا ئىشقىم رام بولۇپ .
ناۋادا ئىچمەكچى بولساڭ شېرىن مەي ،
مەن چىقاي قولۇڭغا زۇمرەت جام بولۇپ .

ناۋادا بولساڭ سەن بوستاندىكى گۈل،
مەن قوناي بەرگىڭگە كېپىنەك بولۇپ .
ۋە ياكى بولساڭ سەن سېھىرلىك بۇلاق ،
مەن ئۈزەي ئۇنىڭدا شوخ بېلىق بولۇپ .
رازىمەن مەڭزىڭگە كەتسەم خال بولۇپ ،
چىرماشسا چاچلىرىڭ مەجنۇنتال بولۇپ .

كۆرۈنەر بالقىغان قۇياشتا چېھرىڭ ،
ھەر كېچە يۇلتۇزدىن سورايمەن كۆزۈڭ .
تىنجىماس قەلبىمنى دەريادىن تاپتىم ،
تاڭ سەھەر قۇشلاردا بار شېرىن سۆزۈڭ .
ئاھ، مېنىڭ سۆيگۈنۈم چىرايلىق جانان ،
مۇھەببەت بولغاچقا گۈزەل بۇ جاھان .

ياشايدۇ ئالەمدە بىھىساپ ئادەم ،
ھەر ئادەم كۆكسىدە بار بىردىن يۈرەك .
نە قىممەت يۈرەكتە بولمىسا ئەگەر ،
ھاياتقا، تۇرمۇشقا يانغان مۇھەببەت .
ئاھ، گۈلۈم كەلگىنە، ياشايلى بىرگە ،
ھۆر ۋەتەن قوينىدا بەختلىك ئەبەد !

### ئەرزىمەس ياش تۆكتۈم دېمە مۇڭلىنىپ

يەنىلا مەن ئۈچۈن ئوھ تارتىشلىرىڭ،
يەنىلا قەلبىمدە قوزغايدۇ دولقۇن.

ئەرزىمەس ياش تۆكتۈم دېمە مۇڭلىنىپ،
دىلىڭدىن دىلىمغا كۆچىدۇ شاۋقۇن.

ئۇ كۈنلەر چىقتى ئاھ، ئېسىمدىن تامام،
جاھاندا ئۇنتۇلغان كۈنلەر قاتارى.
سەنمۇ ھەم كېچىردىم سورىما ئەمدى،
كۆز يېشىڭ مەن ئۈچۈن قەلبىڭ ئىزھارى.

سۇسلاشقان ئاي نۇرى بولدى ئېچىلىپ،
داغلارمۇ ياش بىلەن كېتەر ھەم ئېرىپ.
ئويلىماي ئاھ، ئەشۇ دەردلىك چاغلارنى،
تۆكسىمە، سەنمۇ ھەم كۆڭلۈمنى ئېزىپ.

ئۆتتۈڭ ئەي، ئالدىمدا بولما خىجالەت،
مەن سېنى سۆيگەنگە قىلمايمەن پۇشمان.
ئەزىزدۇر ئاھ، تۇنجى مۇھەببەتقەدرى،
قەلبىمدە چىن سۆيگۈ سالىدۇ چۇقان!...

**دەرد كۆرسۇنمۇ - كۆرمىسۇن يۈرەك؟**

بىر ساڭىلا ئەمەسمەن مۇشتاق،
كېچەلمەيمەن ئىشقىڭدىن بىراق،
گۈزەل دېسەم، گۈزەل ئەمەسسەن،
گۈزەل ئەمەس دېسەم، گۈزەلسەن،
شۇڭا مەنمۇ بىر ئۆچ، بىر ئامراق.

گاھ خىيالىم كېتەر سەن تەرەپ،
دىلدا يانار قىزغىن مۇھەببەت،
گاھ يۈرەكتە بۆلەك بىر ئارمان،
كۆتۈرىدۇ ئۇن - تىنىمسىز چۇقان،
تىلەمەيدۇ ۋىسالغا نۇسرەت.

قايسىسىنى تاللاي گۈزىلىم،
سەندىن كېچىش ئەمەس تىلىكىم،
كېچەلەيمەن سۆيمەسلىكتىن ھەم،
سۆيۈش ئۈچۈن يەيمەن يەنە غەم،
دەرد كۆرسۇنمۇ - كۆرمىسۇن يۈرەك؟...

## شېئىرلار

**ئەھەت ھاپىز**

**يىللارنىڭ تىزگىنى قولۇمدا**

چاچلىرىم ئاقاردى ۋە لېكىن،
ئۆزەمنى شۇڭقاردەك سېزىمەن.
ئىجادنىڭ تىلسىمات چۆلىنى،
ھەر دەقىق نەچچە رەت كېزىمەن.

چېكىدە تۇرسىمۇ قورۇقلار،
يىللار ۋە قىسمەتلەر چەككەن كۆل.
ئاستىدا مۆجىزات تولپارى،
تەسلىمدۇر ئۇنىڭغا ھەر مۇشكۇل.

تىنىقىم بورىنى توختىماس،
يەتمىسەم مەنزىلگە پەر قېقىپ.
كۆيدۈرۈپ بارىمەن مۇشكۇلنىڭ،
تونىنى ھەر قەدەم ئوت يېقىپ.

توسىمۇ يولۇمنى مىڭ داۋان،
تەمتىرەپ قالمايمەن، بەستىمدىن.
ئاقىدۇ سەل بولۇپ ئاخىرى،
ئىرادەم گۈلخانى تەپتىمدىن.

يىللارنىڭ تىزگىنى قولۇمدا،
كېتەلمەس مەيلىچە يورغىلاپ.

ئىشەنچىم شارابى ئۇسسۇزلۇق،
ئىچسەمەن ئۇپۇقتىن جام ياساپ.

بىلمەمەن ھاياتنىڭ يۇلتۇزى،
ئۆچسە گەر ياندۇ، قايتىلاپ.
بار دېمەن دوستلۇرۇم ئالدىغا،
ئىجادتىن كۆكسۈمگە گۈل تاقاپ.

## ياشلىقىم تەڭداشسىز بىر دولقۇن

زوقلىنىپ قارايمەن ھەر سەھەر،
دولقۇنلاپ ئاققان شۇ دەرياغا.
شاۋقۇنلار كۈلكۈسى، شادلىقى،
تولۇپتۇ ئاھ چوڭقۇر مەناغا.

قىزلارنىڭ لېۋىدەك يالتىراق،
دولقۇنلار سۆيگەن شۇ قىرغاقلار.
ئاڭلىنار ئەجەب بىر يېقىملىق،
سۆيگۈدىن ياڭرىغان سادالار.

ياشلىقىم تەڭداشسىز بىر دولقۇن،
ئاقىمەن چۇقانلار كۆتۈرۈپ.
چاڭقىغان ئۇپۇقنىڭ لېۋىگە،
يېتىمەن ئاخىرى سەل بولۇپ.

## چىن سۆيگۈگە تولغان دۇنيا بۇ

چىن سۆيگۈگە تولغان دۇنيا بۇ،
سۆيگۈ بىلەن يارىلار ھەممە.
سۆيگۈ ئىجاد سۆيگۈسىز ھايات،
توختام سۇغا ئوخشاش بىمەنە.
سۆيگۈ بىلەن يارىلار ھەممە.

ئەنە مەغرۇر تىيانشان شۇتاپ،
بوغدا تامان تىككەن كۆزىنى.
لەۋلىرىدە كۈلكە بوغدانىڭ،
كۈمۈش پەردە توسقان يۈزىنى.
بوغدا تامان تىككەن كۆزىنى.

## سەھەر تۇيغۇسى

يېشىللىق دېڭىزىغا چۆمۈلگەن زېمىن،
يۇرتۇم باغلىرى رەڭگارەڭ چېچەك.
چېچەكلەر ئەركىلەپ كۆز قىسىشلىرى،
بەئەينى كۆكتىكى گۈزەل كېلىنچەك.

قىزلارنىڭ خۇلقى بار بۇلاق سۈيىدە،
نازۇكلۇق ۋە پاكلىق ئۇنىڭدىن ئايان.
مەجنۇنتال ئېگىلىپ سۆيسە گەر ئۇنى،
ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ، كۈلىدۇ ھامان.

يەلپۈنسە مايسىلار بەڭباش شامالدا،
چايقىلىپ يۈرگەندەك كۆرۈنەر تۇپراق.
مىنگىشىپ دولقۇنغا زۇمرەت ئېقىندا،
گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەپ ئۈزمەكتە قولۋاق.

چېچەكلەر پەيزىدىن شادلانغان بۇلبۇل،
بۈركۈتلەر بوشلۇقتا قاقىدۇ قانات.
يۇيۇنۇپ تارانغان تاللار، تېرەكلەر،
نۇر بىلەن ئاھ ئەجەب زېبا كائىنات.

نۇمۇسچان ئۇپۇقنىڭ قىزارغان يۈزى،
سەھەرنىڭ شامىلى قايرىغاچ رومال.
قەلبىم دەرياسى دولقۇنلاپ شۇچاغ،
ياڭرىتار ئۆزگىچە، ئۆزگىچە شۇئار.

## ۋىسال

شادلىق دېڭىزىدا ئۈزدۈم بۇ سەھەر،
تىلىكىم نۇرلانغاچ چولپاندەك گويا.
شاۋقۇنلار شادلىقى جور بولدى ماڭا،
تومۇردا قانلىرىم دولقۇنلار ھەتتا.

ھىجرانلىق ئازابى قىلغاچقا لەختە،
ئەركىنرەك سوقمايتتى تىلغانغان يۈرەك.
يېڭىچە بىر تۇيغۇ قوزغاتتى دىلدا،
ئارمىنىم بېغىدا گۈل ئېچىپ تىلەك.

كەتكەنىدى ئۆمرۈمنىڭ باھار چاغلىرى،
غۇنچىسىز باغلاردىن چېچەكلىمەي پۈراق.
قۇۋۋەتسىز تەنلىرىم تىترەيتتى ھەر چاغ،
ئىنسانى غۇرۇرۇم قىلغانىدى سوراق.

ئاھ بۈگۈن ئۇچراتتىم سىز بىلەن ئۇستاز،
نامايەن كەلگۈسۈم كۆزىڭىز تامان.
ھە، بۈگۈن نەۋقىران جەسۇر يىگىتمەن،
زەپەرلەر قۇچۇشقا تەييارمەن ھامان.

# شېئىرلار

ئەخمەتجان ئوسمان

## ئېيتقىنا، كاككۇك

ئېيتە كاككۇك، ئېيتقىنا ئۆزۈڭ،
چاقىرىڭدىن كەتمەس نېچۈن ياش.
مەڭگۇ سەندەك ئەمەس بىۋاپا،
تەقدىرىمىز بىراق ئوپ - ئوخشاش.

بىلەلمىدىم سۆيگۈ دۇنياسى،
ئازابلاردىن تۈرەلگەنمۇ يا.
ئەجەب ئىشكەن شۇنداق تۇرسىمۇ،
يۈرەكلەرنى قىلار مەھلىيا.

## كۆزلىرىڭنى يۇمغىن دىلبەر

رېئاللىقنى بولمايدۇ ئالداپ،
يىغا، كۈلكە ئاڭا بەردىبىر.
چىقىرىدۇ ئۆز ھۆكمى بىلەن،
تەقدىرىڭگەن دەپ مۇشۇ ئاخىر.

كۆزلىرىڭنى يۇمغىن دىلبەر،
قاراپ باققىن ئالدىڭدا كىم بار.
ئۇ پۇقلارغا كەتسەڭمۇ قېچىپ،
مەن شۇ يەردە يەنىلا تەييار.

بىراق زورلاش ماڭا بىھاجەت،
مۇھەببەتتىن بولسىمۇ كۆل كەر.
ئەپسۇس سۆيمەي، سۆيدۈرەلمەي يا،
ئۆتسەم خەقلەر نېمىلەرنى دەر.

## مەن، سەن، ئۇ

سۆيگۈم ئىدى پايانسىز ئوكيان،
قەلبىم ئۇندا ئۈزگەن بىر كاراپ.
ئۆزەڭ ئىدىڭ شەپەقنىڭ قىزى،
سەھەر خۇشال تۇرغان چاچ تاراپ.

قۇرۇپ كەتتى ئوكياننىڭ سۈيى،
تېپىرلايدۇ كاراپ ئازابتا.
كۆرۈپ قالدىم گۈزەل يۈزۈڭنى،
ئەشۇ تۇزلۇق غەمكىن دېڭىزدا.

## دوستلار خاتىرىسىدىن ئىككى بەت

ئەپسۇس

1

سۆيگۈڭنى بىلدىم گۈزەل قىز،
ئۇزاق - ئۇزاق قاراشلىرىڭدىن.
ئەقىدەڭنى كۆردۈم ۋە يەنە،
پىنھان جايدا تۆككەن ياشىڭدىن.

ئەپسۇس ئۆزەم سۆيگەن بىرىنى،
ئازاب سالما سۆيگۈڭگە سەن.
قانداق كۆيگەن بولساڭ سەن ماڭا،
مەنمۇ ئاڭا شۇنداق كۆيىمەن.

### ئەپسۇس

2

يىگىتلىكىم يوقىلىدۇ زادى،
مەھلىيا قىپ سېنى تارتقۇدەك.

دېسەم ئەجەب مەن سېنى سۆيدۈم،
قېچىپ كەتتىڭ تەنها ئاققۇدەك.

دەپ يۈرۈپسەن مۆمىن ۋە ساددە،
شوخلۇقىنى خالايتىم ئەبەد.
ئەپسۇس سەزمەي يۈرۈپسەن ئەي قىز،
جىمغۇرلۇقۇم سەن ئۈچۈن پەقەت.

## تۈن ساھىلىدا ئېيتقان ناخشىلار

### ئەخمەتجان سادىق

### چىغىر يول

كېچە، كۈزلەك، سىنتەبىر ئېيى،
كۈچلۈك ئۈرۈپ تۇرار ئىزغىرىن،
ئېگىز دۆڭلۈك، تەنها بىر قىزچاق،
روھى چۈشكۈن ناتىۋان مىسكىن،
كۈچلۈك ئۈرۈپ تۇرار ئىزغىرىن.

تۈيغۇلىرى ھارغان شۇ قەدەر،
يىگىت كېلەر قارايغان ئۇدۇل،
ئاھ يەتكۈزمەس ئۇنى مەنزىلگە،
يانتاق باسقان خىرە چىغىر يول،
يىگىت كېلەر قارايغان ئۇدۇل.

### مەن - گىياھ ۋە نىگار

سۇ بويىدا نازغىنىدۇ لەرزان،
يۈكسەك گۈزەل يىگانە گىياھ،
سېھىرلىدى كۆڭلۈمنى پۈتۈن،
يېشىل ياپراق جىلۋىگەر سىماھ.

سۇ بويىدا خىيالغا چۆكۈپ،
ئولتۇرۇپتۇ مەن سۆيگەن سىماھ.
تىگمۇقىدىم كېلىپ ئىنتىزار،
ئاھ قولىدا شۇ غېرىپ گىياھ...

ئۈچ يۈمران گۈل تۇزىدى ئەجەب،
نە چارە بار ئەي ئاقىل ئىلاھ.
ئاھ نىمانچە سىرلىقسەن سۆيگۈ،
كىم ئەيىپلىك؟
مەنمۇ يا نىگاھ!

### نېمىشقا ساھىلدا تۇرۇمەن تەنها

نېمىشقا ساھىلدا تۇرۇمەن تەنها،
نېمىشقا قەلبىمنى چۇلغايدۇ غەملەر.
نېمىشقا ھالسىراپ قالىدۇ ئەمدى،
ھېسلىرى چىرماشقان تېرىك يۈرەكلەر.

سەن گۈزەل ئالدىمدىن كەتتىڭ يىراقلاپ،
سۆيگۈمنى خىرەلەپ يوقالدى ئاستا.
ئەقىدە، ئارمانلار يېرىپ كۆكسۈمنى،
ساماغا يۇلتۇز بوپ شۇڭغىدى يەنە.

تۈن كېچە، شوخ شامال، شىددەتلىك ياغمۇر،
گاھ قارا بۇلۇتلار قوينىدا چېقىن.
ئاھ ئۈرۈپ يىگانە يۈرۈمەن ئۆزۈم،
نېمىشقا بولالماس كۆڭلىمىز يېقىن.

تىرەجەپ ئىلگىرىلەپ بارىمەن ھالسىز،
ۋىسالغا ئەسەبى ھېستا ئىنتىلىپ.

شۇركۇنۇپ سىلكىنسەم مەسكەن باشىمنى ،
قاناتلىق خىيالىلار كىرەر ئېتىلىپ .

شارقىراپ دەريالار سالىدۇ چۇقان ،
قالماقتا ئاۋازىم ئۇندا تۇنجۇقۇپ .
ئېيتقىنا يۈرىكىڭ چىدىدى قانداق ؟
مۇھەببەت بېغىدىن بىر گۈل سولدۇرۇپ ؟!

ئىز ئىراپ چەكسە مۇ چۇمبەللىر ئىگىدىن ،
يۈرەتتىم مەن سېنى ھەمرايىم ساناپ .
تەنھالىق ئىلكىدە خىرامان يۈرەك ،
كۆتمە يەتتى تەنھالىق ئىلكىدىن ئازاب .

بەس ھايات تاۋلىغىن ـ تاۋلىغىن مەيلى ،
مۇڭ باسقان يۈرىكىم قالۇر نۇرلىنىپ .
بۇ خىرە سۈيگۈنىڭ بورىنى بەلكى ،
مۇگدىگەن قەلبىمنى قويار ئويغىتىپ .

دەريالار دولقۇنلار بوران ياغمۇردا ،
مەن ئۇندا چايقالغان تەنھا بىر قېيىق .
ئۈمىدىم يىراقتا يورىغان مەشئەل ،
سېزەرمەن شۇ بىرلە ھاياتنى ئىللىق .

### قەدەھكە بۆلەنگەن ناتونۇش يۈرەك

ئايرىلدىم ئىگاردىن، ئايرىلىپ مەڭگۈ ،
رەستۇران ئىچىگە كىردىم ھالسىرلاپ.

تىكىلدى كۆزلىرىم ئۇزاق بەك ئۇزاق ،
كۆڭۈلسىز جىلۋىلەر ئەيلەيتتى شاراب.

ئۇشتۇمتۇت بىر گۈزەل بولدى نامايەن ،
ئەقلىمۇ دەماللىق قالدى تىڭىرقاپ .
نۇرلاندى ئالدىمدا ناتونۇش سىماھ ،
سېھىرلىك كۆزلەردىن سېرىق نۇر چاقناپ.

نەزىرى ئەتراپنى كېزەتتى ئىتتىك ،
جاي ئالدى قارشىمدىن قوشۇما تۇرۇپ .
ئوقيادەك سانجىلدى كۆزۈمگە چېھرى ،
ئاھ كەتتى ئەشۇدەم دۇنيا ئۇنتۇلۇپ .

قەدەھنى غەمسىزدەك تولدۇرۇپ تېز ـ تېز ،
سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ پەرى ئىچەر مەي .
سەزگۈلەر سېزىشەر خۇرسىنىشلارنى ،
ئۆز ئارا دەردىمىز پىنھاندۇر نەتەي .

شىركەيىپ ھالىتى ئوسال، ئەسەبى ،
بەلكى بىر ۋاپاسىز بەرگەندۇ ئازار .
ياشلاردىن،«دەردلەردىن» قەدەھلىقمۇ-لىق،
تولماقتا، يۈرەككە ھۆكۈمران ئاھلار .

ناتونۇش ئىككىمىز، لېكىن بۇ كېچە ،
ئەي قىزچاق يېشىل چۈشكۆرمەيمىز ئورتاق.
ئۆزگىچە قىسمەتتە ئۆرتەيدۇ نېچۈن ؟
قەدەھكە بۆلەنگەن يۈرەكنى يىراق ؟!

---

(بېشى 69 ـ بەتتە)

ۋاھالەنكى، مەن ئۇنى ماختىغاندا ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرىدىن تەسىرلەنگىنىمدە، توساتتىن، بىر كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئائىلىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇ دېھقان بىر يېتىم قىزچىنى بېقىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ۋەيرانە ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى.

— ئەگەر، كاچكانى بېقىۋالىدىغان بولساق، — دېدى دېھقاننىڭ ئايالى، — ئازغىنا پۇلىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن خەجلەپ تۈگەيدۇ، دېمەك، تۇز ئالالمايمىز، شورپا تۇزسىز قالىدۇ ...

— لېكىن بىز ئۇنى... بولدى، ئۇنداق بولسا مەن تۇزدىن كېچەي، — دېدى دېھقان.

ۋوشېر دېگەن بۇ دېھقان بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ۋوشېردىنىڭ قىلغىنى ھېچقانچىلىك ئىش قىلمىغان.

* «تۇرگېنېۋ ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابتىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمان مەھەممەت .



# ساداقەت

( ئوچېرك )

ئېزىز ساۋۇت

1

بۇ قېتىمقى چېكىنىش ناھايىتى پاتىپاراقچىلىق بىلەن باشلاندى. ئۇچۇرغا ئەزەلدىن ھەقىقىي ھەربىي سەركەردىلەرگە خاس سەگەكلىك بىلەن ئەھمىيەت بېرىدىغان ئابدۇنىياز سىجاڭ، بۇ قېتىم دۈشمەنىنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن ناھايىتى ئەپلىك پەيتنى تاللاپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىدىن تامامەن خەۋەرسىز قالغانىدى. ئۇنىڭ دۈشمەن ئەھۋالىنى ئۇچۇرلاشقا چىقارغان ئادەملىرىنىڭ ئىچىدىن ساتقىنلارنىڭ چىقىشى... ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ئەھۋال. مانا بۇ قېتىمقى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك شۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ؟ ئابدۇنىياز سىجاڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئۇرۇشلاردىكى ئىلگىرىلەش - چېكىنىشلەردە ئىنقىلابقا ۋە ئۆزىگە سادىق بولغان كىشىلەرنىڭ ۋىجدان - ساداقىتىگە، باتۇرلۇق-شىجائىتىگە تايىنىپ، بىھۇدە چىقىملاردىن ساقلاپ قالغان ۋە ئەپچىللىك بىلەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغان ياكى چېكىنگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئىش باشقىچە تۈس ئالغان. ئۆزى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان، جەڭلەردە سىنالغان پىداكار يىگىتلەردىن 40 چە ئادەمنى تاللاپ بىر مۇھاپىزەت ئەترىتى تۈزگەن. ئۇ ئەڭ قىيىن ۋە خەتەرلىك ئىشلارنى ئەنە شۇ يىگىتلەرنىڭ جەسۇرلۇقىغا - ساداقىتىگە

تاپىنىپ قىلاتتى. ئەمدىلىكتە ۋەزىيەت ئۆز-
گەردى، شىنجاڭ ھۆكۈمەت قوشۇنى
ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھەرىكەت قىلى-
ۋاتقان روسىيە قوشۇنى تەرەپ - تەرەپتىن
يوپۇرۇلۇپ قىسىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئابـ-
دۇنىياز سىجاڭ ئۇچۇن ياردىم ئۈزۈلگەن.
قىيىن ئەھۋالغا يۈزلەنگەندە، ئەشۇ يىگىت-
لەرى ئارىسىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ئوچۇر-
چىلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كامىل، ئو-
چورلاش ئۇچۇن كېتىپ، تويۇقسىز غايىپ بول-
دى - دە، قايتىپ كەلمىدى. ئېيتىشلارغا قا-
رىغاندا ئۇ، ئابدۇنىياز يېتەكچىلىكىدىكى
شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغال-
غان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كېيىنكى ئىس-
تىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ۋە شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ-
لارغا مۇھىم ھەربىي مەلۇماتلارنى بەرگەن.
بۇ-راست ئىش ئىدى.
ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئىك-
كى قەترە ياش تامچىپ، مەڭزى بويلاپ ئې-
قىپ چۈشتى. ئۇ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قال-
ماسلىقى ئۇچۇن، ما ئۇزدىر تۇتۇقلۇق قول-
نىڭ ئارقىسى بىلەن يېشىنى ئېيتىپ تاش-
لىدى - دە، لەۋلىرىنى قاتتىق بىر چىشلى-
دى. بارمىقى ئىختىيارسىز ما ئۇزدىرنىڭ
تەپكىسىگە تېگىپ كەتتى - دە، «ۋاڭ» لا،
قىلىپ بىر پاي ئوق چىقىپ كەتتى. قېچىپ
چېكىنىۋاتقان ئەسكەرلەر جان قايغۇسىدا
قالغانلىقى ئۇچۇن بۇنىڭغا ئېرەن قىلىشىپ
كەتمىدى. شۇ تاپتا ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ
يۈرىكىنى ئېغىر ھەسرەت - ئاچچىق ئەلەم
قاپلاپ ئالغانىدى. ئۇ قولىغا قورال ئې-
لىپ، جەڭ قايىنىمىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن بۇ-
يان كۆزىدىن ياش چىقىرىپ باقمىغان بولغى-
دى. بۇ - راست. ئۇ نەچچە قېتىم دۈشمەن

قولىغا چۈشۈپ قالغان. ئېغىر قىيىن - قىس-
تاقلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ كىرپىكىنى نەم
قىلمىغان، رەقىپلىرىنى مەسخىرە قىلغان،
پەيت تېپىپ تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلغان،
جەڭ مەيدانلىرىدا ئەجەل ئۇنىڭغا نەچچە
قېتىم يۈزلەنگەن، شۇلارغىمۇ پەرۋا قىلمى-
غان. ئەمدىلىكتە كۆزىدىن ياش چىقىرىشى نې-
مىسى؟

«دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى، دۈش-
مىنىم سەن ھەم زېرىك»

بىر مىسال بار: «مەن ئىشەنگەن تاغ
ئارا ياتماس كىيىك»

ياكى:

«ئاير ىلغانىغا ئۆلمەيمەن،
ئەقمەدەمگە يىغلايمەن.»

ۋەزنى ئوخشىمىغىنى بىلەن مەزمۇنى
ئوخشاش بولغان بۇخەلق قوشاقلىرى، «يالت»
قىلىپ سىجاڭنىڭ كاللىسىدىن ئۆتتى. ئۇ
كامىلغا زىيادە ئىشەنگەن ئەمەسمىدى. ئىن-
سان ئۇچۇن ساداقەتسىزلىك ئەڭ پەسكەش
پەزىلەت ياكى ئەڭ ئازابلىق زەربە بو-
لۇپ قالىدۇ.

سىجاڭ دەماللىققا بۇ زەربىگە بەرداش-
لىق بېرىشكە قادىر بولالمىدى.

سىجاڭ ئەتراپىغا چۈشۈۋاتقان بومبىلار-
نىڭ، ئوقلارنىڭ زەربىسىدىن پاناقاش
ئۇچۇن، قاتار كەتكەن يول ياقىسىدىكى
سۆگەتلەرنىڭ دالدىسىنى ياقىلاپ قېچىپ
كېتىۋېتىپ ئاشۇلارنى خىيالىدىن كەچۈردى.

ئايكۆلدىن يېڭىرىققا چېكىنگەن قوشۇن
شۇيېردا ئارام ئېلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.
تاڭ ئېتىپ ئەتىگەنلىك تاماققا ئولتۇرۇ-
شىغا، ئاسماندا تويۇقسىز ئايروپىلانلار
پەيدا بولدى - دە، بومبىلاشنى باشلىدى.
يەردە دۈشمەن قوشۇنلىرى پەيدا بولدى-دە،

شىمال ۋە شەرق تەرەپتىن قاپاپ
ھەيۋە بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەسكەرلەردىنى
لىيەن، پەيلەر بويىچە رەتلەپ چېكىنىش تەر-
تىپىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى.
شۇ تاپتا چېچىلىپ كېتىپ بارغان قوشۇننى
توپلاش ئۈچۈن بىر باتۇر سەركەردە بولۇ-
شى لازىم.

سىجاڭ، كامىلنىڭ ساداقەتسىزلىكى
تۈپەيلى بىردەملىك ئۈمىدسىزلىككە
چۈشۈپ قېلىۋىدى، ئۇ، ئاخىر بېشىنى بىر
سىلكىۋەتتى-دە، ئاتلىق ئايلىنىپ يۈرۈپ
ۋارقىراشقا باشلىدى:

— جەڭچىلەر! قورقماڭلار، ھودۇقماڭ-
ماڭلار! قورققىدەك ئىش يوق. ئەرنى جەڭ-
گە ياراتقان! قولۇڭلاردىكى قورال بىلەن
قەتئىي قارشىلىق قىلىڭلار! بىكاردىن- بى-
كارغا ئۆلۈپ بېرىش كۈپۈرلۈق! ئېتىشىپ
تۇرۇپ چېكىنىڭلار! بىلىپ قېلىڭلار توپلى-
نىدىغان يېرىمىز شاقۇر. ئەگەر ھازىر جەم
بولۇشالمىساق شاقۇردا جەم بولۇشايلى!

ۋارقىراشنىڭ خېلى ئۈنۈمى بولدى.
قاتتىق قورقۇپ پىتىراپ كېتىشكەن جەڭ-
چىلەر، بۇ چاقىرىق بىلەن گويا ۋۇجۇدىغا
قايتىدىن كۈچ قوشۇلغاندەك جانلىنىشتى، پا-
تىپاراقچىلىق سەل جايىغا چۈشتى. دۈشمەن-
گە قارىتىپ ئېتىشىپ تۇرۇپ چېكىنى-
دىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، گەرچە سى-
جاڭنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ تەرتىپلىك
مۇداپىئە تورى ھاسىل قىلىپ چېكىنىشنى
ئىشقا ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، ھەر ھالدا
دۈشمەننىڭ شىددەت بىلەن تۇيۇقسىز ئىل-
گىرىلەش سۈرئىتىگە بەرھەم بېرىلدى.

## 2

«خەزىنە، ۋاي ئېسىت، خەزىنە دۈشمەن
قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى!» ئابدۇ-
نىياز سىجاڭنىڭ كۆزلىرى ئالاقىزادىلىكتىن
چەكچىيىپ كەتتى. دەرۋەقە مۇكەممەل توپ
بولۇپ ئۇيۇشقان بىر قوشۇن ئۈچۈن بەلگى-
لىك ئىقتىساد - خەزىنە بولمىسا قانداق
مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟ شۇنچىلا ئادەمنى
قانداق باقىدۇ؟ قورال- ياراق، ئوق- دو-
رىلارنى قانداق ھەل قىلىدۇ؟ سىجاڭنىڭ
قوشۇنى، پۇقرالاردىن قانۇنلاشتۇرۇلۇپ
يىغىۋېلىنغان سېلىقلار بەدىلىگە، ھۆكۈمەت-
تىن قەرەللىك ۋە بەلگىلىك، تۇراقلىق
ياردەم ئېلىپ تۇرىدىغان مۇنتىزىم ھۆكۈ-
مەت قوشۇنى ئەمەس، بەلكى مۇستەبىت
شېڭشىسەينىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە قار-
شى كۆتۈرۈلگەن، ھېچقانداق مالىيە ئاسا-
سى يوق، خەلق قوزغىلاڭچى قوشۇنى، خەلق-
نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئەكسىيەتچى زورا-
ۋانلارغا قارشى قوزغالغان قوشۇن، ئەمدى
ئىقتىساد دەپ، خەلقنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلى-
سۇنمۇ؟ بۇنداق قوشۇننىڭ ئۆمرى كۆتە
بولىدۇ. سىجاڭ بۇنى ياخشى چۈشىنەتتى.
ئۇ، پۈتۈن بويىچە قەشقەردە تۇرغان چاغ-
لىرىدا، ھۆكۈمەت ئىلاجىسىز ھەربىي مال-
يىدىن خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشكە مەج-
بۇر بولغانىدى. شېڭشىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ
نىيىتى بۇزۇلۇۋىدى، ئۇلارمۇ نىيىتىنى بۇ-
زۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇڭا مالىيە- خىرا-
جەتتىن ياردەم ئۈزۈلدى. ئۇنىڭسىز بۇ
قوشۇن خىراجەتسىز مۇقاملىمىدى، خەلق- دەر-
يا، خەلق- بېلىق. يەنە شۇ خەلق ئۆز ئىخ-
تىيارلىقى بىلەن قوشۇنغا ئادەم، ئاش-ئو-
زۇق، ئوت- سامان، ئات- چارۋا، پۇل-مال-
لىرىنى ئاتاشتى.

مانا شۇ تاپتا، 300 مېتىرچە نېرى-
دىكى سازلىقتا، بىر توپ روسىيە ئەسكەر-
لىرىنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، قاتتىق تۇرۇپ

ئېلىشقا ئىلەردىچە ئۆلۈپ كېتىۋاتقان، قوشۇ-
نىڭ كۆچمە خەزىنىچى يىگىتلىرىنىڭ ئې-
چىنىشلىق ھالىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، يار-
دەمگە بارالمايۋاتقان سىجاك، ئەپسۇسلۇق
ئىچىدە «خەزىنە - خەزىنە» - دەپ
پىچىرلايتتى. چۈنكى ئۇنىڭمۇ قولى
بوش ئەمەس. ئەتراپىنى بىر قانچە روس
ئەسكەرلىرى قورشاپ ئالغان. ئۇلارنىڭ نە-
يىتلىرى سىجاكنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش،
شىڭشىسەيگە تىرىك تاپشۇرۇپ بېرىش
ئىدى. لېكىن ئۇلار قانچە تىرىشسىمۇ
سىجاكنى تىرىك قولغا چۈشۈرەلمەيۋاتات-
تى. سىجاكنىڭ ئەتراپىدىمۇ مۇھاسىرە قى-
لىپ ئەسىرگە ئېلىش بىلەن مۇھاسىرىدىن
بۆسۈپ ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت
ھايات - ماماتلىق قىلىچ - نەيزە جېڭى
بولۇۋاتاتتى. بىر كۋادرات كىلومېتىر
كۆلەمدىكى يېرىمى سازلىق، يېرىمى شال-
لىق بۇ بىر پارچە جەڭ مەيدانىغا يېيىل-
غان سىجاكنىڭ ئازغىنا ئەسكەرلىرى، ئۆ-
زىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، قورسىقى توق،
يۈرىكى پۈتۈن روسىيە ئەسكەرلىرى بى-
لەن قانلىق ئېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار قەيسەر-
لىك بىلەن ئېلىشىۋاتقان بولسىمۇ، سان
جەھەتتىن چەكلىنىپ قېلىپ بارا - بارا
ئۆلۈپ ئازلاپ كېتىپ باراتتى.

سىجاكنىڭ كۆزلىرىگە ئەجەل كۆرۈنۈش-
كە باشلىدى. «ئەستەغپىرۇللا! مۇشۇ يەر-
دە شېھىت بولۇپ كېتەمەنمۇ -
نېمە؟ قوشۇن قانداق قىلار؟
مەيلى ئاخىرىغىچە ...» ئۇ خىيالىنى داۋام-
لاشتۇرالمىدى. بىر پاي ئوق «ۋىژ» قىلىپ
قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. سىجاك بۇ
ئوقنى ئۆزىگە تەككەندەك ھېس قىلدى.
«ھىم، ئۆلدۈمغۇ ئەمدى». لېكىن ئۇ ئۆل-
مىگەن ئىدى. سىجاك بىر سىلكىنىۋالدى - دە،
تېرىدا ئۆزىنى قارىغا ئېلىۋاتقان بۇرۇتلۇق
ئورۇسقا قارىتىپ، چاققانلىق بىلەن ماۋ-
زىردىن ئوق ئۈزدى. ھېلىقى ئورۇسنىڭ
بېشى پاچاقلىنىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭغا
يۈگۈرۈلغان ئورۇسلارنىڭ يۈرەكلىرىكى
شۇ بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قېتىقى چاچراپ
كەتكەن بېشىنى كۆرۈپ، قالغانلىرى ئار-
قىسىغا قاراپ چېكىنىشتى.

شۇئان، پىلىموتنىڭ تا - تالىغان
ئاۋازى سازلىقنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈ-
ۋەتتى. سىجاك شارتتىدە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى،
سازلىق ئوتتۇرىسىدا چوخچىيىپ تۇرغان
دۆڭلۈكتە بىرسى «ماكسىمكا» پىلىموتى
ئارقىلىق، قوشۇن خەزىنىچىلىرىنى قورشاپ
كېلىۋاتقان يۈزچە ئورۇس ئەسكەرلىرىنى
خەزىنىچىلەر بىلەن قوشۇپ ئوققا تۇتۇۋې-
تىپتۇ. خەزىنىچى يىگىتلەردىن ئىككىلا كىشى
قالغان بولۇپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن،
ئات ئاستىدا قالغان تېرە خالتىلاردىكى
ئالتۇن - تىللالارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن
جان - جەھلى بىلەن ئېتىشىپ مۇداپىئە
قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنى ئايرىۋالماقمۇ قىيىن،
سىجاكمۇ سەل بۇرۇن ئاشۇ خەزىنىچى يىگىت-
لەردىن بىرىنىڭ:

— سۇلتان، ئۇكام، بىزگە قارىماي
دۈشمەننى ئوققا تۇت، خەزىنە ئۇلارنىڭ
قولىغا چۈشۈپ كېتىپ قالمىسۇن! سېنىڭ
ئوقۇڭدا ئۆلسەك رازى! — دېگەن ئاۋازى
قۇلىقىغا كىرىپ قالغانىدى.

«سۇلتان! بۇ قايسى سۇلتان»؟

ئورۇسلار چۈۋىنەك قىرىلىشقا باشلىدى.
پىلىموت توختىماي تىرىلدايتتى، قاتتىق ھې-
رىپ چاڭقاپ كەتكەن سىجاكنىڭ ۋۇجۇدىغا قايتى-
تىندىن كۈچ ئۇلاشتى — دە، ئوق تەگسىمۇ

چېكىنىپ بولالماي دىڭگاكلاپ ئايلىنىپ يۈزگەن يەنە بىر ئورۇسنى ئېتىپ تاشلىدى. ئەمدى قالغانلىرىنىڭ يېقىن كېلىشىگە ھەددى قالمىغانىدى. سىجاڭ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ جەنۇب تەرەپتىن ئايلىنىپ، پىلىموتچىنىڭ قېشىغا قاراپ ئات سالدى. ئاڭغىچە پىلىموت ئوقىنىڭ زەربىسىدىن زور تالاپەت تارتقان روسىيە ئەسكەرلىرى ھايات قالغان ئازغىنا ئادەملىرى بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

سىجاڭ پىلىموتچىنىڭ قېشىغا ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلگەن چاغدىمۇ پىلىموت تېز ئىلداشتىن توختىمىغانىدى. ھالقىلىق پەيتتە جانغا - جان ئالىدىغان بۇنداق پىداكارلىق، ساداقەتتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ ھاياجانلانغان سىجاڭ، پىلىموتچى يىگىتنىڭ چىشلىرى كىرىشكەن، ئاغزى كۆپۈكلەشكەن غەزەپلىك، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، پىلىموتقا چاپلىشىپ ئوق ئۈزۈۋاتقان ئاجايىپ باتۇرانە ھالىتىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى. دوشمەنلەر بىلەن ئېلىشىپ شېھىت بولغان جەڭچىلەرنىڭ ۋە جەڭچىلەرنىڭ، پىلىموتچىنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆلگەن ئورۇسلارنىڭ جەسەتلىرى، سازلىقنىڭ يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن. زەي پۇراپ تۇرىدىغان سازلىقنىڭ سۇلىرى قىپ - قىزىل قانغا بويالغان. 30 كىشىلىك ئەترەت بولۇپ تۈزۈلگەن، قوشۇن كۆچمە خەزىنىسىنى ساقلىغۇچى جەڭچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەزىنىنى ساقلاپ قېلىش ساداقىتىنىڭ كۈچى بىلەن، دۈشمەنلەر بىلەن يەكمۇ - يەك ئېلىشىپ شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ. پەقەت ئاخىرىدا قالغان ئىككى يىگىت ئۆز ئارزۇلىرى بىلەن، پىلىموتچىنىڭ ئوقىدا شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلماي مۇمكىن ئەمەس. دۈشمەن بىلەن ئۆزگىرەلىشىپ كەتكەن بۇنداق جەڭمەيدانىدا ئايرىۋالماقمۇ تەس. «ئەپسۇس ئالتۇندەك ئېسىل ئادەملەر ئىدى. خۇدا ئۇلارنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي!» سىجاڭ ئۇلارنىڭ روھىغا خەيرى دۇئا قىلدى، يەنە توختىماي پىلىموت ئېتىۋاتقان يىگىتكە كۆز سالدى.

«تېخى مەن تونۇپ ئۈلگۈرەلمىگەن قايسى يىگىتتۇ-بۇ؟» سىجاڭ تېخىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى، يىگىتنىڭ يۈزىنى تازا ئېنىق كۆرەلمەيتتى.

— بولدى، باتۇر يىگىت، ئەمدى ئېتىشنى توختاتقىن! دۈشمەنلەر چېكىنىپ كەتتى،— پىلىموت يەنە تېزلىدايتتى. سىجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بارىكاللا باتۇرۇم! — سىجاڭ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئارقا تەرەپتىن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ ئالدى، — بولدى ئېتىشنى توختاتقىن! راستىنلا دۈشمەنلەر چېكىندى. مەن ئابدۇنىياز بولىمەن، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسەنا؟!...

شۇ چاغ يىگىت ھوشىغا كەلگەندەك، پىلىموتنى ئېتىشنى توختاتتى — دە، ئاستاغىنا ئۆرە بولدى. سىجاڭنى كۆرۈپ ھەربىي قائىدە بويىچە دىققەتتە تۇردى.

— ھوي، ئۇكام سۇلتان! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى سىجاڭ خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە، — قايسى يىگىتكىن دېسەم سەنكەنسەندە، مۇشۇ تاپتا مېنى يەنە بىر قېتىم خوش قىلدىڭغۇ!...

سۇلتان ئىسىملىك 22 ياشلاردىكى تەمبەل، كېلىشكەن، بۇرۇتلىرى مايسا بولغان، چېھرىدىن زىيادە زېرەكلىك، باتۇرلۇق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان،

بۇ يەڭگىتىنى قىزچا قالاۋالغان سىجاڭنىڭ كۆچلۈك گەۋدىسى شۇ تاپتا يېنىك تىترىمەكتە ئىدى. دېمەك، سىجاڭ ئىككىنچى قېتىم ياش تۆكمەكتە ئىدى.

3

ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. كۈن ساناپ كۈچىيىۋاتقان تومۇز ئىسسىقىنىڭ تەپتىدىن بۇغداي يالىرىمۇ سېرىقتال بولۇشقا باشلىغان. ئېتىزلىقلاردىن چېكەتكىلەرنىڭ مۇڭلۇق چىرىلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سېرىقتال بۇغدايلارنىڭ نەمخۇش ھىدى كىشى تېنىگە ھوزۇر بەخش ئېتەتتى.

مارالبېشى شەھىرىنى غەلىبىلىك ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئاقسۇنى ئىشغال قىلىش نىيىتىدە ئاتلانغان قوشۇن توپا-توزان يوللاردا چاپالىق سەپەر قىلىپ، چۈشتىن قىيىلاي دېگەندە شاقۇر يېزىسىغا كىرىپ كەلدى. شاقۇر مارالبېشىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە، زېمىن، ئوت-سۈيى كەڭرى، ئاشلىقى ئوخشايدىغان باي بىر يېزا بولۇپ، خىلۋەت-تىنچ ماكان ھېساپلىناتتى. ئەمەلىيەتتە ئەل كۆتۈرۈلۈپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى يېغىلىق باشلانغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭمۇ تىنچلىقى بۇزۇلدى. كۈن ئۆتۈپ ئۇنداق ئەسكەرلەر كېلىۋاتقان، ھەپتە ئۆتۈپ بۇنداق ئەسكەرلەر كېلىۋاتقان، ھەممىسى «بەر» دەيتتى.

قوشۇندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار ئارىسىدىن ئەسكەرلىككە كىرگەنلەر بولغاچقا، شاقۇرنىڭ كەڭ زېمىنى، بولۇق بۇغدايلىرى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىدە دېھقانلارغا خاس بىر زوق-ھەۋەس ئويغاتتى. ئۇلار يۇرتلىرىنى، ئاتا-ئانا، قەۋم-قېرىنداشلىرىنى، ئېتىز-ئېرىق، باغ-ۋارانلىرىنى ئەسلەشتى.

قوشۇننىڭ ئەڭ بېشىدا كېلىۋاتقان قىرىق ياشلاردىكى ئېگىز، گەۋدىلىك، ساقال-بۇرۇتسىز، ئاق ئۆڭلۈك، قاڭشالىق، قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، ۋۇجۇدىدىن تەمكىنلىك بىلەن قەتئىيلىك، چېھرىسىدىن غۇرۇر ۋە پاراسەت پارلاپ تۇرىدىغان بىر كىشى شاقۇر يېزىسىنىڭ كۆجۈم، باغلىق بىر كەنتلىرىگە كىرگەندە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى-دە، يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا بۇرۇلۇپ قارىغىنىچە:

— بۇ يەردە، ئەسكەرلەرنى بىر ئاز دەم ئالدۇرساق بولارمىكىن. ھاۋاسى ياخشىدەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھان بەكمۇ ئىسسىپ كەتتى. كەچتە ھاۋا بىر ئاز سالقىنلىغاندا ماڭساق، كېچىلىك يۈرۈش بىر ئاز ياخشى بولار دەيمەن، قانداق مۇيدىنكا؟ — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىۋېدىم، — دېدى مۇيدىنكام دېگەن ئەللىك ياشلاردىكى ئاق-سېرىق، قاتاڭغۇ يۈزلۈك، ساقالسىز، ئەمما شاپ بۇرۇت، چېقىر كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، ئېگىز بوي، غوللىرى كەڭ، باتۇر، قامەتلىك كىشى (بۇ مۇيدىن تۈەنجاڭ ئىدى) بۇرۇتىنى بوراپ تۇرۇپ، — ئەمما قىسىملارغا ئۇقتۇرۇش قىلىۋېتەيمۇ؟

— بولىدۇ، لېكىن ئەتراپقا قويۇلىدىغان پوستنى كۈچەيتەيلى.

ئابدۇنىياز سىجاڭ توختىغان يەر كاتتا قورۇقلار بىلەن ئورالغان، چىرايلىق دەرۋازىلىق چوڭ بىر باغنىڭ ئالدىدىكى سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، تال-بوستانلار سايە تاشلاپ تۇرغان تولىمۇ ھاۋالىق بىر ئۆستەڭنىڭ بويى — يول ئۈستى ئىدى. ئابدۇنىياز سىجاڭ ئېتىنىڭ چۇل-

ۋۇرىنى كانىۋۇيىغا تۇتقۇزۇپ، قولىنى يۇ-
غىلى سۇ بويىغا كېلىۋېدى، كۆزى دەرھال
ئۆستەڭنىڭ نېرى قىتىدىكى يوغان
تېرەككە قول بېغىشىدىن باغلاپ
ئېسىۋېتىلگەن بىر يىگىتكە چۈشتى. يىگىت
22 ياشلاردا بولۇپ، ماتا ئىشتاندىن باش-
قا كىيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلگەن. يالىڭاچ
دۈمبىسى تاياق زەربىدىن قانغا بويۇلۇپ،
ئالا - چىپار بولۇپ كەتكەن. تىنىجىقتا
بولالماي بېشى ساڭگىلاپ ھوشىدىن كەت-
كەندەك كۆزىنى يۇمۇپ ئالغانىدى.

تۇغۇلۇشىدىن ئەركىنلىكنى ياخشى كۆ-
رىدىغان، تەبىئەتلىك ئۆسكەن سىجاڭ،
كىشىدىن - كىشىگە كېلىدىغان زورلۇقلار-
نى ئەزەلدىن ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئۇ زۇ-
لۇمغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ ئەل ئارىلاپ
چېپىپ يۈرمەمدۇ. سىجاڭغا ھېلىقى كۆرۈ-
نۈش ھار كەلدى. كانىۋۇيىغا بۇيرۇپ، يى-
گىتنى بوشىتىپ قويماقچى بولدىيۇ - يە-
نە توختاپ قالدى. «بۇ ياش يىگىتنىڭ
گۇناھى نېمىدۇ؟ گۇناھى ھە قىمىدۇ ياكى
ناھەقمىدۇ؟ ئەگەر ئەل ئىچىدە يامان بىر
گۇناھ قىلىپ ئاسماققا چۈشۈپ قالغان بول-
سا، بىر قارا يۈرەك نائەھلىنى قۇتۇلدۇ-
رۇپ قويغان بولۇپ يۈرمەي يەنە، سوراپ
كۆرەي».

سىجاڭ نېرىدا ئۆزلىرىگە قىزىقى-
سىنىپ قاراپ تۇرغان تۆرت - بەش
يولۇچىلاردىن سورىدى. لېكىن ئۇلار بىر -
بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشكە نىلىرىچە
ئۇنچىقماي تۇرۇۋالدى. دېمەك، ئۇلارنىڭ
ئەندىشە قىلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. سىجاڭ
ئۆزىمۇ زۇلۇم چەككەن بىر دېھقان بالىسى
بولغاچقا ئىشنىڭ تېگىنى پەم ئەتتى - دە،
ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرمايلا بۇيرىدى:

— ئاۋۇ يىگىتنى ئاسماقتىن چۈشۈ-
رۈڭلار!

كانىۋۇيلار «ھەش - پەش» دېگىچە ئۇ-
نى ئاسماقتىن چۈشۈردى - دە، يۆلەشتۈ-
رۈپ ئۆستەڭ قىرغىقىدىكى يۇمشاق قۇمغا
ياتقۇزدى، ئۇچىمىدا ئۆستەڭدىن سوغۇق
سۇ ئېلىپ يۈزىگە سەپتى. دەم ئۆتۈپ يى-
گىت ھوشىغا كەلدى - دە، ئېغىرلىشىپ
كەتكەن قاپاقلىرىنى قىيىنىدا كۆتۈرۈپ،
قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىغىنىچە:



— سۇ، سۇ! - دەپ پىچىرلىدى. دېمىسىمۇ
ئۇسسۇزلۇق ئۇنىڭغا ئېغىر ئازاب كەلتۈر-
گەنىدى. ئۇنىڭغا سۇ ئىچكۈزۈلدى. يىگىت ئەل

ماغدۇردىغا كېلىپ كۆزىنى يوغان ئاچتى-دە، ئالدىدا يالتىراپ تۇرغان تاسما، ئۇجاگدەي بىلەن ئورالغان، قىلىچ - تاپانچىلىق قورالليق كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەمبەل كىشىنى كۆرۈپ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ئالدى. يىگىتنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ قاپلىۋالغاندەك قىلدى.

— يىگىت، - دېدى سىجاڭ، ئۇنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن يۆلەپ تۇرۇپ، - كىم بولىسەن؟ نېمىشقا ئېسىپ قويۇلدۇڭ؟ قورقما! راست گەپ قىل! بىز خەلق قوزغىلاڭچى ئارمىيىسىنىڭ ئادەملىرى بولىمىز!

يىگىت ئىككىنچى قېتىم كۆزىنى ئاچتى، چېھرىسىدە ئەمدى كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— ئاڭلىغان، - دەپ پىچىرلىدى ئۇ قىيىنلىق بىلەن، - سىلەرنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ئىدىم. ئىسمىم سۇلتان، شۇ كەنتلىك، ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم ئوغۇلمەن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ يوق. شۇ يېزىنىڭ چوڭ بېگى - ئوسمان بەگنىڭ مالىيى ئىدىم. ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ، بۇ جازاغا يولۇقتۇم، مانا ماۋۇ باغ ئۇنىڭ مۇشۇ كەنتتىكى چاھار بېغى. ئاساسلىق قورو - جايى يۇقىرىقى كەنتتە.

— قانداق چىشىغا تېگىپ قويغان ئىدىڭ؟

يىگىت بىر پەس تۇرۇپ قالدى - دە، غەيرەت قىلىپ ئۆرە بولدى. سىجاڭ يىگىتنىڭ كېلىشكەن چىراي - قەددى قامىتىگە، باتۇرانە قىياپىتىگە زوقلاندى.

— ئۇنىڭ ئالدىدا ياشلىق قىلىپ سالغان ئىدىم، - دېدى يىگىت نېمىشقىدۇر خىجالەت بولغان ھالدا دۇدۇقلاپ، - ئەمدى ئوسمان بەگ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ: ئۇ، تولىمۇ زالىم ئادەم. يالغۇز بىزگىلا ئەمەس، خوتۇن - بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغىچە زالىملىق قىلىدۇ. مەنسەپ - شۆھرەت ئۈچۈن جېنىنى ساتىدۇ. تۆمۈر سىجاڭ، غوجا مىنىياز ھاجىملارمۇ بۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەنلىرىدە، ياردەم بېرەمەكتە يوق، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە ئىشەنمەي، مۆكۈپ يۈردى. بۇ ئىشى ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن شاڭيۇلۇق مەنسەپكە ئېرىشتى. تېخىمۇ ئەدەپ ئەل بېشىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدى. «ئىسيانچىلارغا يانتاياق بولدى» - دەپ چېقىپ، بىر مۇنچە بىگۇناھ دېھقانلارنى ناھەق جازاغا دۇچار قىلدى، ئۇنىڭ چاڭگىلىدىكى دېھقانلار، ئۇنىڭغا «ھا - شا» دېيەلمەيمىز.

سىجاڭنىڭ ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى ھەمراھلىرىنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى.

— ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، سېپى ئۆزىدىن بولغان مۇناپىق ئىكەن ئۇ! تازا بىر ئەدەبلەپ قويمىساق بولمايدىكەن ئەمسە. قادىر، دەرھال ئاتلىنىپ ئوسمان بەگ دېگەننى قەيەردىن بولسىمۇ تېپىپ كەلتۈر!

سىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئالغان قادىر دېگەن باھادىر قامەت كانۇۋۇي يىگىت دەرھال ئاتلاندى - دە، چېپىپ كەتتى.

— راست ئېيتقىنىڭ ئۇكام، ئۇنىڭ ئالدىدا قانداق ياشلىق قىلىپ قويدۇڭ؟

— جانابلىرى، بۇنى سوراپ نېمە قىلىدىلا؟ - ياشلىق دېگەن سىلىنىڭ باشلىرىدىنمۇ ئۆتكەن بولغىيدى؟ شۇنچىلىك دېگىنىممۇ يېتەر...

— يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ ھەق، سىجاڭ جانابلىرى، - دېدى كېيىن كېلىپ گەپ تىڭشاپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي، سىجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ، - ئوسمان بەگ دېگەن ھەققەتەن ئاچ كۆز - زالىم ئا-

دەم، بۇ كىشىلەر ھېلى قورققانلىقىدىن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئايىغا قىچىلىرى كۆپ، ئېقىنتىماي - تېنىتىماي بېرىدىپ يەتكۈزىدۇ. شۇ تاپتىمۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ قۇلاقلىرى يوق دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن مەن قورقمايمەن. قېرىغاندا بولسىمۇ ھەقنى سۆزلەپ ئۇ دۇنياغا كېتەي. بىر باي 60 تىن ئاشقىنىغا قارىماي خوتۇنباز ئادەم، شەرىئەتتە بىر ئەرگە كۆپ بولغاندا، تۆت خوتۇن راۋا، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمىسۇن دېيىلگەنىكەن. ئەمما ئۇ ھازىر ئونىدىن ئارتۇق خوتۇن ئالدى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياش قىز - چوكانلار، ئۇنىڭ دېيىشىچە تېخى بۇمۇ ئازمىش، مۇسۇلمان خەلىپىسى ھارۇن رەشىد پادىشاھ 400 دىن ئارتۇق خوتۇن - كېنىزەك تۇتقانمىش. لېكىن ئۇ بار خوتۇنلىرىنىڭ تۈزۈكرەك ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن ھويلا ئىچىگە سولاپ قويۇلغان بۇ ياش نەرسىلەرنىڭ ئىچى پۇشمامدۇ؟ ھەر نەرسە ئۆز خىلى بىلەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسىنىڭ يىگىتىمىز سۇلتانغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىلا، سۇلتان بالىمۇ ھەر قانداق قىز - چوكانلار بىرلا كۆرسە يارىتىپ قالغىدەك بەرنا يىگىت، ئادەمنىڭ بەرنالىقى گۇناھ ئەمەس. ئىگەم ئۆزى شۇنداق ياراتقان ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ گۇناھى مانا شۇنداق ياشچىلىق.

بوۋاينىڭ قاملاشقان سۆزلىرى سىجاك ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى بەكمۇ قىزىقتۇردى. ئاخىرىدا ئۇلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. بارا - بارا كۈلۈمسىرەشلەر قاقاقلىغان كۈلكىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ كۈلۈشىدىمۇ سەۋەب بار. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپچىلىرى ئۆز يۇرتلىرىدىكى چاغلىرىدا ئامراتلىق دەستىدىن بايلارغا مالاي - يىللىقچى بولغانلار، شۇڭا بۇنداق ياشلىقنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ كېتەتتى. ئابدۇنىياز سىجاكنى ئالساق ئە شۇنداق ياشلىق سەۋەبى بىلەن يامان كۈنگە قېلىپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆتۈرۈلۈپ چىققان كىشىلەرنىڭ بىرسى ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ ئوخشاشلىق بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە، زالىملارغا قارشى نەپرەت قوزغىسا، بىر تەرەپتىن سۇلتانغا نىسبەتەن ئېچىنىش، ئۇنىڭ ھېلىقى «ياشلىقى» ئۈچۈن كۈلكىسىنى قوزغاتتى.

— گۇناھىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن يىگىت! - دېدى تېخىچە ۋېلىقلىغان كۈلكىسىنى توختىتالمىغان ھالدا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، - كىشىنىڭ نىكاھىدىكى خوتۇنغا بۇنداق يولسىزلىق قىلساق، شەرىئەت - قانۇن بويىچە ئېغىر جازالارغا بۇيرۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمىغىدەك، بوپتۇ، گۇناھىڭنى ھەنلا كېچىرىۋېتەي، بىزگە ئەسكەر بولامسەن؟

ئاران دەسسەپ تۇرغان يىگىتنىڭ بۇ گەپ بىلەن جىسمىغا غايىپتىن كۈچ قوشۇلغاندەك بولدى. كۆزلىرى نۇرلىنىپ، سىجاڭغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلدى. «خاتا ئاڭلاۋاتمايدىغاندىمەن؟» ئەسكەر بولۇش ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى. شۇڭا ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈرەتتى. ئەمدى جەڭ مەيدانى ئۇنى باتۇرلۇققا چاقىرماقتا ئىدى. ئۇ، قولىغا قورال ئېلىپ ئوسمان بەگ ۋە ئۇلارغا ئوخشاشلارغا يانتاياق بولۇپ، ئەلنىڭ ئېلىكىنى شورىغان ئەكسىيەتچى زوراۋانلارنىڭ تەختى - بەختىنى كۇل قىلىپ

ـەورۇپ، ئېزىلگەن خەلققە بەخت-سائادەت ئېلىپ كەلسە - ھە؟!

— مۇشۇ گەپلىرى راستلا بولسا، ئەسكەر بولۇپ جان - سادىقىم بىلەن خىزمەت قىلاتتىم، مېنىڭ تارتىشىدىغان ھېچنەرسەم، ھېچكىمىم يوق، يىگانىمەن.

— بارىكاللا، ھىممىتىڭ خېلى چوڭغۇ سېنىڭ، - دېدى مۆيدىن تۇەنجاڭ كۈلۈپ، ئاڭغىچە، كانىۋۇينىڭ ھەمراھلىقىدا ئوسمان بەگمۇ كەپ قالدى. ئۇ ئېگىز بويى، ئورۇق، كەكە ساقال، قارامتۇل يۈزلۈك بىر ئادەم بولۇپ، شۇ زامانىنىڭ بەگلىرى سىياقىدا كېيىنگەنىدى. ئۇ 100 قەدەمچە نېرىدىن ئاتتىن چۈشتى - دە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سىجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. باينىڭ چىرايى تاتارغان، قورقۇنچ ئالامىتى ئەكس ئېتەتتى. ئارقىسىدا ئىككى دېدەك چوڭ ئىككى لىگەنىدە لىق، قىزىل جۇلالىنىپ تۇرغان تىللا - ئالتۇنلارنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. يەنە ئارقىسىدا ئون - ئونبەشچە ئادەم (ئېھتىمال بۇلارمۇ باينىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك)، يارامىلىق ئون دانە ئات، ئىككى كالا ۋە ئونبەشچە بورداق قويلارنى ئالدىغا سېلىپ، يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ، باينىڭ كەنتكە چۈشكەن قوشۇنغا ئاتىغان تۆھپىلىرى ئىدى. ئېھتىمال، باي ئالدىنقى ئاقساقال بوۋاي ئېيتقاندەك، «قۇلاق» لار، سىجاڭنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان بەگ، بۇ قېتىم بېشىدا ئەجەل قۇشىنىڭ ئەگىپ يۈرگىنىنى ھېس قىلىپ، مۇشۇ چارىلىرى ئارقىلىق قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزلىگەن بولسا كېرەك. ئاڭغىچە كانىۋۇيمۇ كېلىپ قېلىپ، ئالدىغا سېلىپ ئەپكەلگەنىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سىجاڭ جانابلىرى - دېدى ئېگىلىپ تۇرۇپ، -يېز دىمىزغا خۇش كېلىشىپلا، پايىقەدەملىرىگە رەھمەت، ھەر بىرلىرى ئۈچۈن خىزمەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلىدىم. قۇياشتەك نۇرلۇق مۇسۇلمان قوشۇنى...

— بولدى، گەپنى ئاز قىل! - دېدى ئابدۇنىياز سىجاڭ تەرىنى تۇرۇپ، چۈنكى ئۇ بەگنىڭ ياغلىماچ لەپەك ئىككى يۈزلىمە سۆزلىرىدىن ئوغىسى ئۆرلىگەنىدى.

— بۇ يىگىتنى بىزگە ئەسكەرلىككە بېرەلەمسەن، يەنە ئەمرىنگدىكى نىساخان ئايىمنى شۇ تاپتا تارتىۋاتقان كۈلپەتلەردىن ئازاد قىلامسەن، مۇشۇ يەردىلا شەرتە ئەتكە مۇۋاپىق ئەمرىڭدىن جۇدا قىلامسەن! ئۇلارنى ئېلىپ كېتىمىز - قانداق؟

ئوسمان بەگنىڭ چىرايى قارداپ كەتتى - دە، كۆز قۇيرۇقىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان سۇلتانغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى. يەنە كۆزىنى يۆتكەپ، قىلىچ دەستىسىنى چىڭ سىقىمداپ ئۆزىگە جىددىي نەزەر بىلەن تىكىلىپ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان سىجاڭغا قاراپ تىترەپ كەتتى. «ئەپسۇس، ساڭا ئامەت كەپ قالدى - دە، سۇلتان، بولمىسا ئاپتاپتا قاخلاپ ئۆلتۈرۈۋېتەي دېۋىدىم. سەن تۇزكور نائەھلىنى. مۇنۇ ئەتىسى تۇۋتەك ئىچىدە قالىدىغانلىقىنى بىلمەي يۈرگەن قاراقورساقلار ئالدىدا نېمە دېگۈلۈك؟ ھازىر زامان شۇلاردا. ياق! - دېسەك، جاندىن جۇدا بولىمەن.» بەگ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ تازىم قىلدى:

— گۇناھكارلارنىڭ گۇناھى ئېغىر ئىدى، لېكىن جانابلىرىدەك يۇرت غېمىدە يۈرگەن بىر مۇسۇلمان سەپەردارنىڭ لەۋزىنى ئالماسلىققا نېمە

ھەددىم، مەن رازى.

شۇ يەردىلا قوشۇن قازىسىنىڭ ئىشتىراكىدا، ئىساخاننىڭ بەگ بىلەن بولغان نىكاھ ئىشى ئايرىۋاش قىلىندى. سۇلتاننىڭ بولسا ئېغىز ماقۇللىقى بىلەن تۈگەندى.

— يەنە! — دېدى سىجاك بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن، — ئىساخاننىڭ مېھرى ھەققى ۋە بۇيىگىتنىڭ ئىش ھەققىنى شەرىئەتكە لايىق بېرىۋېتىشىڭ كېرەك!

بۇمۇ شەرىئەتكە لايىق بىر تەرەپ قىلىندى. باي يەنە بىر مۇنچە تىللالىرىدىن ئايرىلدى.

— بۇ ئەپكەلگەنلىرىم ھەر بىرلىرىگە ئاتىغان تۆھپەم ئىدى، — دېدى باي تىللا ۋە ئات، چارۋىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاز كۆرمەي مەقبۇل قىلغايلا. يەنەچانابىلىرى باشلىق پۈتكۈل قوشۇنچە گېچىلىرى ماڭا بىر كۈن قونالغۇ بولۇپ بەرسىكەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە خىزمەت قىلسام، قونالغۇ، ئاش - ئوزۇق، ئوت - سامان... ھەممىسى تەييار.

— بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كەلگەنلەرگىمۇ مۇشۇنداق قىلغانمىدىڭ ياكى مۇكۇۋېلىپ... مەسىلەن، خوجانىياز ھاجىم، تۆمۈرسىجاڭلارغا دەيمەن، — سىجاك سىنچى كۆزلىرىنى بايغا قادىدى.

— ...

— كەپ قىلە، سىنىڭ ھۆكۈمىتىگە قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ قانچىلىك يۈز تاپتىڭ. شەرىئەتتە ئىنسانغا زۇلۇم قىلسا دوزىخى دېيىلگەن، ئۆز يۇشتۇڭدىن بولغان ئەھلى جامائەتنى قاقىر قاخشىتىپ، قارشى چىققانلارنى ھۆكۈمەتكە چېقىپ پادىشاھ بولماقچىمىدىڭ، نېمە؟ ئاچا بولۇپ

قالدىڭمۇ مۇناپىق، ئېرىدغا ئاپىرىپ چېپىۋېتىڭلار! بۇ مۇناپىقنى!

— سىجاڭ جانابىلىرى... سىجاڭجانابىلىرى... بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن!... ئوسمان بەگ ئۆمىلەپ كېلىپ سىجاڭنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يىلىنىشقا باشلىدى. ئاگىچە، بىرئاتىدىكى بار تىللا - ياممبۇلارنى يەنە ئەكەلگەنگە تىزىپ كۆتەرگىنىچە ئوغلىمۇ يېتىپ كېلىپ، سىجاڭنىڭ ئالدىدا تىز پۈكتى.

— سىجاڭ، — دېدى قېشىدا تۇرغان مۇشاۋىر ئابدۇقادىر ھاجى، يۇمشىغىنى كەلمىگەن، جەھلى قاتقان ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ قولىقىغا شىۋىرلاپ، — ئۆزلىرىدىنى سەل بېسىۋالغان بولسىلا، گەرچە ئۇ، ئۆلۈمگە لايىق بىر مۇناپىق بولسىمۇ ھازىرچە ئۇنى ئۆلتۈرمەيلى، خەلق جامائەت ئىچىدىكى قاتلاملاردا ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ. قورقۇنچتىن بولسىمۇ تەلپىمىزگە كۆندى. يەنە بىزگە تارتۇق قىلىنىۋاتقان بۇ مال - چارۋا، پۇل - دۇنيالار ئارقىلىق ئاختا قىلىندى. قوشۇن خەزىنىسىگە پۇل كېرەك. ئەمدى ئۇ خېلىلا چۆچۈدى، كېيىن ئوگىشىلىپ كېتەر...

— بۇ مال - دۇنيالار خەلقنىڭ قان - تەرىدىن يىغىپ ئېلىنغان، بىز ئالساق ھالال بولارمۇ؟ پۇقرالارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەكمىكىن - يە؟

— يوقسۇ سىجاك، ھەرگىز ھارام بولمايدۇ، — دېدى مۇشاۋىر ئابدۇقادىر ھاجى سەمىمىلىك بىلەن چۈشەندۈرۈشنى داۋام قىلىپ تۇرۇپ، — ئۇ پۇقرالاردىن يىغىپ ئالغان بولسا، بىزمۇ شۇ پۇقرالارنىڭ ئازادلىقى، ئەمىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سەرپ قىلمامىزمۇ؟ ھازىر پۇقرالارغا

تارقىتىپ بەرسەك، بىز كېتىپلا ھۆكۈمەت-
نىڭ ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى زۇلۇك - سال-
جىلىرى يېپىشىپ كېلىپ بىزنى قويماي يې-
غىپ ئالىدۇ. بىز تۆپىدە تۇرالمايمىز-دە،
ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنى قوبۇل قىلمىغىنىمىز
دۇرۇس.

— ھىم... سىجاڭ بىر پەس ئويلىنىپ
تۇردى - دە، قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ باش
لىڭشىتتى، ئاندىن ئوسمان بەگكە قاراپ:

— خەير، بۇ قېتىم ئامان قالدىڭ، كۆ-
ناھىڭنى ئوبدان تونۇپ، ئەل - جاماتكە
زۇلۇم سالما! ئەگەر ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىل-
ساڭ، يەنە ئەل بار، كۆز - قۇلاق بار!

— ھىممەتلىرىڭگە مىڭ رەھمەت سىجاڭ
ئاتا، كەپلىرىڭنى مىڭ مىراتىبە قۇلىقىمدا
تۇتىمەن، ئەلگە ھەرگىز زۇلۇم سالمايمەن،
ئەمدى مال - دۇنيالىرىمنى...

— بولدى ئەمدى، - دەپ سىلكىمدى بۇ
ئۇزۇنغا سوزۇلغان مىننەتدارلىق سۆزلى-
رىدىن زېرىككەن سىجاڭ قولىنى شىلتىپ، -
قېنى كېيىن كۆرەمىز. بۇگۈن قونالغۇ بو-
لالمايمىز!

شۇنداق قىلىپ سىجاڭ بۇ يەردىكى ئىش-
لارنى تۈگىتىپ، نىساخان ئايىمنى تۇمشۇق
يېزىسىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا
ئەۋەتىۋەتتى - دە، سۇلتاننى قوشۇنغا قوبۇل
قىلىپ كېچىدە يەنە ھەربىي يۈرۈشنى باش-
لىدى...

ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ قىسىملىرى شىڭ
شىسەي قىسىملىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇ-
رۇش قىلىپ، ئۇلارنى سۈرۈپ - توقاي قىل-
دى - دە، ئاقسۇ دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆت-
كۈزۈۋېتىپ، دەريانىڭ شىمالىي - شەرقىي
لىنىيىسىدە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر
قىلدى. دېمەك، ئابدۇنىياز سىجاڭ قىسىم-
لىرى ئاقسۇ شەھىرىدىگە 10 - 20 كىلومېتىر
ئارىلىقىچە قىستاپ كېلىپ تەھدىت سېلىپ
تۇرغانىدى.

بىر كۈنى سىجاڭ ئايكۆل بازىرىدىكى
باش شىتاب قىلىنغان ئۆيدە، ھەمراھلىرى
بىلەن ئىشلار توغرىسىدا كېڭىشىپ ئولتۇر-
غىنىدا، كانىۋۇي دەريا بويى ئالدىنقى سەپ
قىسىملىرىدىكى «خان كۆرۈكى» لىنىيىسىنى
مۇداپىئە قىلىدىغان سادىر لىيەنجاڭ بىلەن
بىللە شۇلىيەندە خىزمەت قىلىۋاتقان سۇل-
تاننى ھەم سىيىت ئىسمىلىك كەۋدىلىك،
سېمىز، قارا چوقۇر، 40 ياشلاردا، قورقۇل-
چىدىن تۈگۈلۈپ كەتكەن، شىڭ شىسەي
ھۆكۈمىتىنىڭ بىر جاسۇسىنى باشلاپ
كىردى.

— ھە، ئۇكام سۇلتان بارمۇسەن؟ قان-
داقراق ئەسكەرلىككە كۆنۈپ قالدىڭمۇ؟ يا-
كى ھېلىمۇ ياشلىق قىلىپ يۈرەمسەن؟

سىجاڭنىڭ چاقچاق ئارىلاش بۇ سۆزلى-
رىدىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شاقۇردا بولۇ-
غان ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىشتى - دە، قاقا-
لاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— يوقسۇ سىجاڭ، - دېدى سۇلتان خىجالەت
ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، - ئىلتىماس تىلى-
رىڭ شاراپىتىدىن قوشۇندا كۈنۈم ياخ-
شى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەمما ھېلىغىچە ئوبدان-
راق بىر تۆھپە يارىتالماي يۈرۈيمەن.

— تولا كەمتەرلىك قىلما! - دېدى
سادىر لىيەنجاڭ، - مانا ماۋۇ جاسۇسنى تۇ-
تۇۋالغىنىڭ تۆھپە ئەمەسمۇ؟

شۇ چاغدا سىجاڭ باشلىق ھەممەيلەن
شۇمشىيىپ تۇرغان ھېلىقى چوقۇرغا قاراشتى.

ئەھۋال مۇنداق ئىدى:

ئۇ كەلمەردە ئاقسۇ دەرياسىدا، كې-
يىنكى چاغلاردا كىشىلەر «جاڭ كۆۋرۈك» دەپ

ئاتاشقان كۆۋرۈك يىرىق بولۇپ، پەقەت تۆپىلىق، ئايكۆل ئىچى بىلەن قەشقەر-ئۈرۈمچى تەرەپلەرگە يۈرۈشىدىغان كونا «خان يولى» دېگەن يول ئۇدۇلىغا توغرىلاپ سېلىنغان «خان كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاددىغىنا ياغاچ كۆۋرۈك بولىدىغان. ئۇچتۇرپانغا قىش، ئەتىياز كۈنلىرى ئارال يېزىسى ئارقىلىق مېڭىلىسىمۇ ئەمما ياز، كۈز كۈنلىرى دەرياغا كەلكۈن كېلىپ كەتكەنلىكتىن، يەنە ئاشۇ «خان كۆۋرۈكى» دىن ئۆتۈپ مېڭىلاتتى. «خان كۆۋرۈكى» نىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىنى ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ قىسىملىرى ساقلاپ ياتاتتى.

بىر كۈنى سۇلتان ئۇشتۇمتۇت لىيەن چۈشكەن قورۇنىڭ ئالدىدا قارا چوقۇر «قەلەندەر» لىك كۇلا-جەندىسىنى كېيىپ، قولىغا ھاسا ۋە ساپايى تۇتقان ھالدا «ھۇ» تارتىپ يۈرگەن بىر قەلەندەرنى كۆرۈپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭغا دىققىتى قوزغىلىدۇ. سۇلتاننىڭ نەزەرىدە ئۇ ھېچ دىۋانىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرىكەت قىلىقلىرى خۇددى زورلاپ قىلىۋاتقاندەك، قولاشمىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئوقۇغان ھېكمەت-ناخشىلىرىمۇ تاقىقا-تۇققا، سۇلتان گۇمانسىرايدۇ-دە، چاندۇرماي دەرۋازا سىرتىغا چىقىپ دىۋانىگە پۇل بېرىدۇ، گەپ سورايدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن سىرداش بولۇۋالىدۇ، دىۋانە لىيەن جايلاشقان كەنت ئىچىدە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ ئارىدا سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ قالغانلىرىدا، ھە دەپ ئۆز قوشۇنى توغرۇلۇق گەپ ئېچىپ «غەيۋەت-شىكايەت» قىلىپ بېرىپ يۈرۈپ ھېلىقى دىۋانىنىڭ ئۆز سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىشىغا مەجبۇر قىلىدۇ. دىۋانە سۇلتانغا بارا-بارا ئېچىنىپ سىر ئېيتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ، ئۇچتۇرپاندىن روسىيىگە، روسىيىدىن ئۇچتۇرپانغا مال ئۆتكۈزۈپ پايدا تېپىپ يۈرگەن، تەۋەللىكى ئېنىق ئەمەس بىر ئادەم بولۇپ، ئىسمى سېيىت ئىدى. ئاقسۇغىمۇ يول توسۇلماستىن بۇرۇن مال ئەكەلگەن. ئاخىرىچە يول توسۇلۇپ قالغان، شۇ ئارىدا شىڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى ھەربىي قىسىمىغا جاسۇس بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ۋەزىپىسى ئابدۇنىياز سىجاڭ قىسىملىرىنىڭ ئارىسىغا دىۋانە سۈپەت كىرىۋېلىپ ئەھۋال ئىگىلەش، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئاقسۇدىكى شىڭ قىسىملىرىنىڭ پات يېقىندا باشلايدىغان جازا ھۇجۇمىنىڭ كونكرېت پىلان-خەرىتىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۇچتۇرپانغا ئۆتۈپ، چېگرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، شىڭ شىسەيگە ئارقا تېرەك بولۇۋاتقان روسىيە ئاكېنتلىقىغا يەتكۈزۈش ئىدى. ئەمما دىۋانە ئابدۇنىياز سىجاڭ قوشۇنلىرى ئارىسىغا سوقۇنۇپ ئەھۋال ئىگىلەش ۋەزىپىسىنى دېگەن بولسىمۇ ئۇچتۇرپانغا يەتكۈزىدىغان ھۇجۇم پىلان توغرىلىق زادى گەپ قىلمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ سۇلتان چاندۇرمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ-ھاسىسىغا دىققىتى چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ ھەر قانداق ئەھۋالدا ھاجەتخانىغا كىرگەندىمۇ، ھەتتا ياتقاندىمۇ ھاسىسىنى زادى قولىدىن نېرى قىلمايتتى. بىر قېتىم سۇلتان ماراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىر تام دالدىسىدا ھاجەتكە ئولتۇرغان بولۇپ ھىمىر دىتىگەن بىر پارچە قەغەزنى ھاسىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالىدۇ. (ھاسا ئوتتۇرىسىدىن ئاجرايدىغان بولۇپ، ئىچى كاۋاك ئىكەن). «ھە، ھاسىدا گەپ بار ئىكەندە» دەپ ئويلايدۇ سۇلتان. ئۇ ھېلىقى قەغەزلەرنىڭ چوقۇم ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن

«مەلۇمات» لار ئىككەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. «قاچان يېزىپ ئۈلگۈرگەندۇ- ئۇ؟» سۇلتان ئەمدى ئۇنى تۇتۇش پەيتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سادىر لىيەنجاڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ- دە، شۇ كۈنى كەچتە ئۇنى قولغا ئالىدۇ.

سۇلتاننىڭ پەرەزلىرى تامامەن توغرا بولۇپ چىقىدۇ. ھېلىقى قەغەز دەرۋەقە سۇلتان يالغاندىن ئېيتىپ بەرگەن «ھەربىي مەلۇمات» ۋە شۇ بويىچە سىزىۋالغان قوشۇننىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى خەرىتىسى ئىكەن. يەنە باشقا بىر پارچە ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ، شىڭشىسەينىڭ ئاقسۇدىكى قىسىملىرىنىڭ پات ئارىدا باشلايدىغان ھۇجۇمىنىڭ ۋاقتى، ئادەم سانى، قورال- ياراق تەييارلىقى، ھۇجۇم لىنىيىسى قاتارلىق ئەھۋاللار يېزىلغان مەلۇمات ۋە خەرىتە بولۇپ، ئابدۇنىياز سىجاڭلار ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم ماتېرىياللار ئىدى.

ئەنە شۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن، سىجاڭ تېزلىك بىلەن قىسىملارنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۇجۇمغا تەييارلىقنى كۈچەيتىۋالدى. ئۇلار 500 كىشىلىك خىل قوراللانغان ئەسكىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەندە بىر يولىلا قايتۇرما زەربە بىلەن تارمار قىلىپ غەلىبىگە ئېرىشتى. جەڭدە 150 تالدىن ئارتۇق مىلتىق، بىر قانچە ماكسىمكا پىلىموت، يەشىك- يەشىك ئوق، بىر دانە ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى غەنىمەت ئالدى. غەلىبىدىن كېيىن چوڭ پارات ئۆتكۈزۈلۈپ، سۇلتان زور داغدۇغا ئىچىدە تەقدىرلەنگەن ئىدى.

4

— پۇتۇن قوشۇن نامىدىن ساڭا ئىككىنچى قېتىم تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. بۇ قېتىم خەزىنىنى ساقلاپ قېلىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتىڭ. مەن ئالدىراش يۈرگەن ئادەم بولغاچقا قەدىرىڭگە يېتىپ بولالمىدىم. ئەپۇ قىلارسەن، ئەمدى گەپنى قويۇپ ئىشقا كۆچەيلى، دۈشمەن قايتا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى مۇمكىن. خەزىنىنى قانداق قىلارمىز. خەزىنە باشلىقى شېھىت بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى كىمنى قويارمەن؟ سىجاڭ ئوق تەگكەن ئاتلار ئاستىدا قالغان، ئاغزى ئىمىشلىنىپ قولۇپ ئۇرۇلغان ئونىنچىچە تېرە خالتىلارغا كۆز سالدى. ئۇنىڭدا ساپلا تىللا- ئالتۇن، كۈمۈش ئاقچىلار بولۇپ، قوشۇننىڭ كۆچمە خەزىنىسى شۇ ئىدى.

— مەنچۇ؟- دېدى سۇلتان ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى سىجاڭغا تىكىپ، — خەزىنە باشلىقى مەن بولاي، ئەتراپتا تىنەپ يۈرگەنلەرنى يىغايلى، ئۇلاردىن تاللاپ خەزىنە ئەترىتى تەشكىللەيلى. ماڭا ئىشەنمەمدىلا- يە، سىجاڭ؟

— ياق- ياق ئۇكام، ساڭا ئىشەنمەيدىغان نېمە ھەددىم، بۇ زادىلا ئېسىمگە كەلمەپتۇ. بۇ ساڭا ئىشەنمىگەنلىكىمدىن ئەمەس، سېنى ئايىغانلىقىمدىن، بىلەمسەن؟ شۇ تاپتا بۇ بەكمۇ ئاۋارىچىلىقى تولا، مەسئۇلىيىتى ئېغىر بىر ئىش.

سىجاڭ كۆزىنى يوغان كەرگىنىچە سۇلتاننىڭ باش- ئايىغىغا سەپسېلىپ يېڭىباشتىن قاراپ چىقتى. ئاندىن كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن سۇلتاننىڭ مۈرىسىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتتى. بۇ ئۇنىڭ زىيادە شادلىقى- ھاياجانلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— توۋا، ئادەمنى بىلمەك ئاجايىپ ئىشكەن، سېنى يېڭى ئەسكەرلىكتە ئالغىنىمدا مۇنچىلىك باتۇرلۇقلار چىقار دەپ زادى ئويلىمىغانىكەنمەن. بولىدۇ، بۈگۈندىن باش-

لاپ ئەمسە سەن خەزىنە باشلىقى بول!

ئۇلار ۋارقىراپ، ئىزدەپ يۈرۈپ، يەنە 100 چە ئادەمنى يىغالىدى. ئۇلار ئارىسىدىن ئونچە ئادەمنى تاللاپ خەزىنە گورۇپپىسى تۈزدى. ئاندىن سۇلتاننى باشلىق قىلدى-دە، شاقۇر تەرەپكە يول ئېلىشتى.

شۇندىن باشلاپ سۇلتان تاكى شاقۇرغا يېتىپ بارغىچە ئابدۇنىياز سىجاك بىلەن بىرگە بولدى. سەپەر ناھايىتى مۇشكۇل، ھەم دېمەك ھاۋادىن دۈشمەن ئايروپىلانلىرى قوغلاپ بومبىلايتتى. يەردىن ئاتلىق روسىيە ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ ئوققا تۇتاتتى. چۆل-جەزىرىلەردە كۆپلىگەن شېھىتلەرنىڭ كېپەنسىز جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ يەنە يەكەن تەرەپكە چېكىنەتتى. سەپەر جەريانىدا يېتىراپ كەتكەنلەر، يەنە لېيەن، پەيلەر بويىچە پەيدا بولۇپ سىجاكنىڭ ئاساسىي قوشۇنىغا قوشۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ يەنە قوشۇننىڭ ئاساسىي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق جاپالىق سەپەرلەر ئارقىلىق شاقۇرغا ئۇلاشقاندا، مارالبېشى دائىرىسىدە يول توسۇپ ياتقان روسىيە قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىشتى-دە، يەنە بىر قېتىم قاتتىق تىرە-پىرەن بولدى. سۇلتاننىڭ خەزىنە ئەتىرىتى سىجاكتىن ئايرىلىپ كېتىپ قالدى. سىجاك يەكەن دەرياسىدىكى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان شىددەتلىك كەلكۈنگە قارىماي دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. سۇلتانلار ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.

— قانداق قىلارمىز؟ — دېدى تەمتىرەپ قالغان سۇلتان، ئاۋۇتاخۇن دېگەن 50 ياشلاردىكى ئۆزى ئىشەنگەن ھەمراھىغا، — خەزىنە ئوروسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسىدى. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى دەرياغا تۆكۈۋېتەيلى، بىزمۇ تېزدىن ئۇ قاتقا ئۆتۈپ كېتەيلى، بولمىسا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىمىز. سىجاكقا ئەھۋالنى ئەينەن يەتكۈزەرمىز.

— مېنىڭچە، — دېدى ئاۋۇتاخۇن ئەقىل كۆرسىتىپ، — دەرياغا تۆككۈۋەتمەيلى. بۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ ئۇنىڭدىن كۆرە جاڭگال ئىچىدىن بەلگىلىك يەرنى تاللاپ كۆمۈۋېتەيلى، مەيلى كىملەر بولمىسۇن بۇ ئالتۇندىن ئادەملەر پايدىلانسۇن!

— سىجاكقا نېمە دەرمەن؟

— بۇ دېگەن ئۇرۇش ئۇكام، ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى جاننى ساقلاش بولۇپ قالدى. جان بولسا جاھان ئەمەسمۇ؟ بۇنى سىجاكمۇ چۈشىنىدۇ.

سۇلتان كۆمۈشكە قايىل بولدى. ئۇلار دەريا بويىغا يېقىن بولغان قويۇق توغراقزار جاڭگاللىقتىن، ئاسان تاپقىلى بولىدىغان بەلگىلىك بىر يەرنى تاللاپ ئوراكولاشتى-دە، خەزىنىنى كۆمۈۋەتتى (كېيىن، قوزغىلاڭ بېسىقتۇرۇلۇپ، بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن شىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئادەملىرى ئالتۇن بار يەرنى تېپىپ ئېلىپ بۇنىمۇ خائىنلار كۆرسىتىپ بەرگەنىكەن— شىڭ شىسەيگە ئەۋەتىپ بەرگەن). ئاندىن ئۇلار يەڭگىلىشىپ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىشنىڭ تەرەددۇتىغا كىرىشىۋاتقاندا، قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ روسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى.

5

سۇلتان ھۇشىغا كەلگىنىدە، ئۆزىنى بىر ئەسكى ئېغىلدا كۆردى. ئېغىل ئىچىدىن كالا چىلىسىنىڭ سېسىق ھىدى بۇرقۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ھېلىقى ئوروس، مىلتىق پايىنىكى بىلەن قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى، ئارقىسىغا قىلىپ

باغلىنىۋېتىلگەن قولى سىقىراپ ئاغرىپ،
يوتىلىرى ئۇيۇشۇپ كېتىكەنىدى. ئۇ ئاچ
ھەم ئۇسسۇز قويۇلغاچقا، لەۋلىرى قۇرۇپ
ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن. ئۇ شۇ تاپتا
ئەسىرلىكنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تازا
چۈشەندى. ئۇ، شۇ تاپتا ئابدۇنىياز سى-
جاڭ ۋە ئۇ ئەگەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان
قوشۇنلارنى ئەسلىدى. «ئۇلار قانداق قىل-
غاندۇ؟ ئۇ قاتتىق تىنىچ ئامان ئۆتۈپ كېتە-
لىگەندىمۇ؟ سىجاڭ نېمە دېگەن باتۇر،
ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق ئادەم — ھە؟ مۇن-
داق ئادەم كەم تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى-
دا نەچچە يىل بىللە ئىشلىگەن، قانلىق
جەڭلەرنى بىللە قىلغان سەپداشلىرىنى
تاشلاپ، دۈشمەنگە تەسلىم بولىدىغان ياكى
چەتكە چېكىنىپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان
نىيەت زادىلا يوق ئىدى. ئۇ دائىم «قاراڭ-
غۇ تاغقىلا ئۆلىمىز ئالسام، قايتىدىن كۈچ
يىغىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقاتتىم» — دەپ ئارزۇ
قىلاتتى. ئارزۇسىغا يەتكۈزگەيسەن ئىلاھىم.
لېكىن مەن ئۇنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندى-
يالمىدىم. گەرچە خەزىنىنى دۈشمەن قولى-
غا تارتقۇزۇپ قويمىغان بولسامۇ ئەمما
ئاخىرغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولالمىدىم،
ئەپسۇس....». ئۇ، ئەتراپىغا قاراپ يالغۇز
ئەمەسلىكىنى، ئۇ يەردىن — بۇ يەردىن
تېرىپ — تۆشەپ ئەسىر قىلىنغان يەنە يۈزچە
ئادەمنىڭ مۇشۇ ئېغىلدا، چەللىگە مىلىنىشىپ
يېتىشقىنىنى كۆردى. ئىناۋۇتاخۇنمۇ مانا
قېشىدىلا ھاسىراپ يېتىپتۇ.

...لە ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، ئە-
سىرگە ئالغان ئورۇسلار، ئۇلارنى شىڭشى-
سەينىڭ يەرلىك ساقچى قىسىملىرىغا ئۆت-
كۈزۈپ بەردى. شىڭغا يارىدەم بەرگۈچى
رۇسلار بىلەن توختام شۇنداق ئىدى. ئە-
سىرلەر، ئەسىر چۈشكەن جەڭ مەيدانلىرى-
نىڭ تەۋەلىكى بويىچە بىر تەرەپ قىلى-
نىدىكەن. سۇلتانلارنىڭ جەڭ رايونى ئاق-
سۇ تەۋەلىكىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىپ، بۇ
بىر توپ ئەسىرلەر ئاقسۇغا ئۆتكۈزۈلۈپ
بېرىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئەسىرگە
چۈشكەنلەر بۇيرۇق كېلىپ بولغۇچە روسلار
تەرىپىدىن چۆللەرگە ھەيدەپ بېرىلىپ
توپ ھالدا پىلىموت ئوقىغا تۇتۇپ قىرى-
ۋېتىلىدى. بەزىلىرى تاغارغا سولىنىپ
بېشىدىن چېچىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بەزىلىرى
ئورىلارغا تىرىك كۆمۈۋېتىلدى. بەزىلىرى
قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى. خېيلى
ياخشى سۇلتانىنىڭ ئەجىلى يەتمىگەنىكەن،
تىرىك قالدى. مانا ئەمدى ئۇ، ئۇيغۇر،
خەنزۇ ئارىلاش ساقچى قىسمىنىڭ نازارى-
تىدە، پىيادە سەپەر بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە
كېتىپ باراتتى. سۇلتان ناھايىتى ئەلەك،
مۇلايىم، كېيىنىدە تۇرىدىغان جەڭگەرلىك يە-
گىت بولغاچقا، سەپەر جەريانىدا ساقچى-
لارنىڭ لېيەنجاڭى بولمىش بىر ئۇيغۇر كىشى
بىلەن چىقىشىپ قالدى. ئاندا — مۇندا
گەپلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئەسىر-
لەردىن ئايرىپ ئاتلارغا قارايدىغان يۈگۈ-
يېتىم ئىشلارغا سالىدىغان بولدى. سۇلتان
ئۆزى بىر ئاز بولسىمۇ ئەركىنلىككە ئې-
رىشكەندىن كېيىن، لېيەنجاڭغا يالۋۇرۇپ
يۈرۈپ ئاۋۇتاخۇننىمۇ ئۆزىگە ياردەمچى
قىلىۋالدى.

قومباش يېزىسىغا كەلگەندە ئۇلار دەم
ئېلىشقا توختاشتى. كەچ كىرىپ ئاتلارنىڭ
قېشىدىن قايتىپ چىقىۋاتقان سۇلتاننىڭ
قۇلىقىغا، تام دالدىسىدا لېيەنجاڭنىڭ
بىرسى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى
ئاڭلاندى. پاراڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىسمى

چىقىپ قالغىنى ئۈچۈن تىوختاپ تىڭشاشقا مەجبۇر بولدى.

— ئەستا! — دەيتتى ليە نجاڭ يەنە بىرىسىگە پەس ئاۋاز بىلەن، — ئەسلىدە بۇلارنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولغان. ئەمدىلىكتە ھۆكۈمەتنىڭ پىلانى ئۆزگىرىپتۇ. ئۇلارنى شەھەرگە ئاپىرىپلا تىرىك كۆمىدىكەن. بۇ شىڭشىسەينىڭ بۇيرۇقى ئىكەن. ئېسىت، ئۇلارغا ئىچىم سىيرىلىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ھېلىقى سۇلتان دېگىنى، ياش، جىگەرلىك ياخشى يىگىت ئىدى. قاچۇرۇۋېتەي دېسەم بېشىمدىن قورقۇمەن. ئۇششاق بالىلىرىم بار، يا ناھىيىز قالىدۇ. ئەسىرلەرگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش، بىرەرسى قاچۇرۇپ قويۇلسا قاتتىق جازاغا تارتىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى.

— بىزدە نېمە ئىلاج ئاداش، — دېدى ليە نجاڭنىڭ سۆھبەتدىشى، — بىز دېگەن ئەسكەر، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىساڭ ئۆزەڭ بالاغا قالىدىغان گەپ، خۇدايىم ئۆزى كېچۈرەر...

— ھە راست، يا تارچاغدا ئەسىرلەرنى پۇختىلاپ باغلىۋەتكىن، پوسلارنى كۈچەيتكىن.

— ھېلىقى سۇلتان دېگەننىمۇ باغلىۋەتسۇنمۇ؟

— ليە نجاڭ بىر پەس ئويلىنىپ قالدى-دە، ئاندىن كەسكىن رەت قىلىپ:

— ياق، ئۇنى باغلىمىساڭمۇ بولار. خېلى كېپى چىڭ يىگىت كۆرۈنىدۇ، — دېدى. سۇلتاننىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. تىرىك كۆمۈلۈش نېمە دېگەن دەھشەتلىك ھە؟ ئۇ ياشاشنى خالايتتى. «ياق، ئۆلمەسلىك كېرەك. ئەڭ ياخشىسى پۇرسەت تېپىپ قېچىش كېرەك. 22 ياشتا تۇرۇپ يەر ئاستىدا تىرىك كۆمۈلۈپ كېتىش دېگەن بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ شۇنداق بولىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماسلىق جىنايەت — ئەخمەقلىق.» سۇلتان قېچىش ئىمكانىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ ئەمما كۆز ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ساقچى ليە نجاڭ پەيدا بولدى — دە، چىرايىنى خىجالەت بېسىپ، ئارىسالدىلىقتا قالدى. «ئەگەر مەن قېچىپ كەتسەم، ئۇنى بالاغا ئىتتىرگەن بولمامدىمەن، ئۇ ماڭا ئىشەنگىنى ئۈچۈن، قول - پۇتۇمنى بوشىتىپ ئات باقار قىلىپ، ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئازابتىن خالىي قىلدى. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ دېگەن چوڭ ياخشىلىق...» سۇلتان قاتتىق روھىي ئازابقا قالدى. قاراڭغۇمۇ چۈشتى، ئەسىرلەر چوڭ ئۆيدە تۆت ئەتراپى قوراللىق ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا قوللىرى باغلاقلىق يېتىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەقدىرگە تەن بەرگەن ھالدا بىر كۈنلۈك ھايات لەززىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇيقۇغا كېتىشكەن، ئەتەكى تەقدىردىن خەۋەرسىز ئەمەسمۇ؟ ئەمما سۇلتاننىڭ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن. ئۇ ساداقەت بىلەن ساداقەتسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى تاش ئارىسىدا قىسىلىپ تۇرماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇ، ئويلا-ئويلا قەتئىي قېچىش قارارىغا كەلدى. «ساداقەتنىڭ يولى بولۇشى كېرەك، — دەپ تەسەللىي بەردى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — ئىككىمىز ئىككى يولدىكى كىشى، مەقسەتلىرىمىزمۇ باشقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلىۋاتقان قىسمەتنىمۇ شۇ تۇرسا، بولدىلا!...»

تۈن نىسپى، سىرتتا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، ئاتلارنىڭ پۇر قۇشلىرىدىن باشقا تېۋىش يوق ئىدى. سۇلتان

زور جاسارەت بىلەن ئاستاغىنا ئورنىدىن قوزغالدى، — دە، تېۋىش چىقارماي ئاۋۇتاخۇننىڭ قېشىغا كەلدى. بىر ھازا ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. «نېمە بولسا سەپدىشىم، تاشلاپ كەتمەي، ئۇنىڭغا ئېيتىپ باقاي». ئۇ ئاۋۇتاخۇننى يېنىككىنە ئىرغىتتى، ئاۋۇتاخۇنمۇ ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ مۇددىئاسىنى ئېيتىۋىدى، ئاۋۇتاخۇن قورققان ھالدا:

— ئۇكام، بۇنداق گەپنى ئىككىنچى قىلىشما يەلى، سېزىپ قالسا تېرىمىزنى سويىدۇ — دېدى. ئىنسانلىنى چۆچەلەك قېيىن گەپ! سۇلتاننىڭ يەنە قىلماقچى بولغانلىرى تىللىرىدا قېتىپ قالدى — دە، ئۇنىڭغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ قالدى.

— ئاۋۇتكا، — دېدى سۇلتان ئەمدى مۇددىئالىرىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ، — مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم. ئېيتقانلىرى توغرا، ئەتراپىمىز قات - قات ساقچى بىلەن ئورالغان تۇرسا قانداقمۇ قاچالايمىز.

سۇلتان گەپنى بېسىقتۇرۇپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى. دەم ئۆتۈپ ئۆي ئىچىدىن خورەك ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. ئاۋۇتاخۇنمۇ غەرق ئۇيقۇغا كەتتى. سۇلتان پۇرسەتكە تەۋەككۇل قىلدى — دە، شاققىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ سىرتقا چىقتى. پوسلارنىڭ ھەممىسى غەرق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ، بىرسىنىڭ قولىدىن مىلتىقنى ئالدى. تېرەك شېخىغا ئىلىنغان بىر تىزىق ئوقنى ئالدى، ئېغىلغا كىردى - دە، كۈندۈزى كۆرۈپ قويغان ياراملىق ئىككى ئارغىماقنى — بىرسى قولا، بىرسى قاشقا تورۇق — ئىگەرلىدى، پەم بىلەن سىرتقا چىقىپ، تام دالدىسىدا ئاتلارنىڭ بىرىگە ئىرغىپ مىندى — دە، تۈن قوينىغا شۇڭغىدى.

6

سۇلتان يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ يۇرتىغا قايتىپ تېرىكچىلىك قىلىش كېرەكمۇ؟ ياكى جاھاننىڭ باشقا بىر خىلۋەت يېرىگە كېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىش كېرەكمۇ؟ ياق قەيەرگىلا بارساڭ تۇساق، ئابدۇنىياز سىجاڭدەك ئادەممۇ، ئۆزىنى ياقىغا ئالالىغۇدەك شارائىتى تۇرۇپ، يەنە ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن، ئەڭ زور قىيىنچىلىقلار بېشىغا تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ، ئىرادىسىدىن يانمىدى. مەن كىم ئىدىم شۇنچە؟ بار ئاماللار بىلەن سىجاڭنى تېپىشىم، ئۇنىڭ بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولۇشۇم كېرەك...»

ئۇ، كۈندۈزى دەريا ساھىلى بويلاپ، قېلىن ئورمانلىق، يۇلغۇن، قومۇشزارلىقلاردا ئارام ئېلىپ، كېچىسى يول يۈرۈپ ئاۋاتتىن يانداپ ئۆتتى — دە، شاقۇرغا كېتىدىغان، يەكەن دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى ئاۋاتقا تەۋە كولاس دېگەن يېزىدىكى توغراقلىق ئوتلاققا يېتىپ كەلدى، يوللار سۇلتانغا بەش قولدەك ئايان، ئۇ، بۇ يەرلەرنى قانچە قېتىم دەسسەپ ئۆتۈپ ئايلىنىپ يۈرگەن ئەمەسمۇ؟ سۇلتاننىڭ ئېلىۋالغان ئوزۇقىمۇ تۈگەپ قالدى، ئۇ بىر چۆپلۈكتە دېمىنى ئالغىلى ئولتۇردى. «قەيەردىن ئاش - ئوزۇق تېپىش كېرەك؟ مەھەللە ئىچىگە كىرگىلى بولمايدۇ.» ئۇ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. شۇئان كۆزى ئۆزىدىن بەش - ئالتە يۈز مېتىرچە نېرىدىكى يوغان توغراقنىڭ تۈۋىدىكى كەپىگە چۈشتى. «مالچى كەپىسى! ...» ئۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى — دە،

ئېيتىشقا مېيىندى. ئەمدى ئۇنىڭغا قورساق تويغۇزۇشنىڭ ئىمكانىيىتى تېپىلغانىدى.

بىر ئاتنى ھەيدەپ، بىر ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان قوراللىق كىشىنى كۆرگەندە، مالچىنىڭ قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچتى — دە، ئالدىدىكى 200 — 300 چە مالنى، قوتاننى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. سۇلتان شۇنچە يالۋۇرۇپ باققان بولسىمۇ مالچى قارىمۇ قويماي كۆزدىن غايىپ بولدى. «نېمە ئىلاج ؟ — دېدى سۇلتان ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ ئاچچىققىنا كۈلۈم — سىرىگەن ھالدا، — يېغىلىقلار ھەممىنى قورقۇتىۋەتتى ئەمەسمۇ ؟

سۇلتان ئاتتىن چۈشۈپ، يۈگەنلىرىنى يېشىۋەتتى، — دە، پۇتلىرىنى چۇشەپ ئوتقا قويۇۋەتتى، ئۆزى ئوتلاپ يۈرگەن قويلار ئارىسىدىن چوڭ ۋە سېمىز بىر قوينى تۇتۇپ سويدى، كەپىدە چوڭ بىر قازان، تۇز، ھەممە نەرسە بار ئىكەن، ئوچاققا ئېسىپ، بۇلاقتىن سۇ ئەكىلىپ تولدۇردى. گۆشلەرنى سېلىپ ئاستىدىن ئوت ياقتى، بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ، يېنىدىن ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگە ئېلىپ كەپە ئىچىدىكى تاختا ئۈستىگە قويۇپ قويدى — دە، (بۇ تۇز ھەققى ئىدى) ئاز — پاز ساغىرىشقا باشلىغان چىم — ئوتلار ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىشىۋىدى، يېقىن ئارىدا ئاللىكىملەرنىڭ خەنزۇچە كالدىرلاشقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى، سۇلتان چۆچۈپ كەتتى — دە، شارتلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوقلاپ تەييار قىلىپ يېنىدىكى يەرگە قويۇپ قويغان مىلتىقىغا قول سوزدى. لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى، بېشىدا تۆت نەپەر قوراللىق ئەسكەر ئۇنىڭغا مىلتىقلىرىنى دەۋەيلەپ تۇراتتى. «يەنە قولغا چۈشكەن ئوخشىمامدىمەنمۇ؟». ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قورال تەڭلەپ تۇرغان ئادەملەرگە كۆزى چۈشتى. «بۇلار مافۇيۇەننىڭ پىتراي كەتكەن ئەسكەرلىرى ئىكەندە» دەپ پەرەز قىلدى. ئۇنىڭ پەرىزى توغرا ئىدى.

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېگىز بوي بىرسى، ئۇيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلىگەن ھالدا.

— ھە، كېلىشىملە، كېلىشىملە، — دېدى سۇلتانمۇ مولايىملىق بىلەن، لېكىن، كۆزى مىلتىقتا ئىدى، —مەن ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ ئادەملىرىدىن بولىمەن، قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىم. قورساق ئاچ، مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، مانا گۆشمۇ پىشاي دەپ قالدى، كېلىڭلار، بىللە يەيلى.

ئۇلار بىر — بىرىگە قاراشتى — دە، دەرگۇمان بولۇپ نېرىدا ئولتۇرۇشتى ۋە ئۆز- ئارا خەنزۇچە كالدىرلاشتى. سۇلتان ئۇرۇش مەيدانلىرىدا، مافۇيۇەننىڭ لېيەن، يىڭلىرىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرگەنلىرىدە خەنزۇچىنى ئاز-تولا چۈشىنىدىغان بولغانىدى. ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىدىن، «بۇ بىر گۇمانلىق ئادەم ئىكەن. مەيلى كىم بولسۇن، ئۇنى كۆزدىن يوق قىلايلى، بولمىسا بىزگە كاشىلا قىلىدۇ» دېگەن مەنالارنى چۈشەنگەن سۇلتان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇشتۇمتۇت مىلتىقىغا قول سوزدى — دە، تېزلىك بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چاقماقنى بېسىۋەتتى. «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، بىر پاي ئوق ئۇدۇل قاتار ئولتۇرۇشقان 3 نەپەر تۇڭگانىنى يىقىتتى. بىرسى چاچراپ قوپۇپ،

سۇلتانغا ئېسىلمۇدى، مىلتىق پايىنىكى بى-
لەن ئۇرۇپ يىقىتتى - دە، يىسىۋېلىپ گې-
لىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.



ئادەم ئۆلتۈرۈش نەقەدەر يېرگىنىش-
لىك ۋە قورقۇنچلۇق - ھە؟ ئۇ ھايات-
ماماتلىق جەڭلەردە، يىراقتىن تۇرۇپ ئوق
ئۈزۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما
بوگۇنكىدەك يېقىن تۇرۇپ، قولى بىلەن
ئۇتۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ باقمىغانىدى. نې-
مە ئىلاج، گېزى كەلگەندە ئۇزىنى ساقلاش
ئۈچۈن ئاشۇنداق ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەج-
بۇر بولدى. لېكىن ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ئۇنى
قاتتىق بىر يىرگىنىش، غەشلىك سەزگۈسى
چۇلغىۋالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ سۇئالغا

سۇلتان تۇزۇك جاۋاب تاپالمىدى. ئۇ، قول-
لىرىنى يۇيۇپ، گۆشلەرنى سوزدى. ئالدى-
راپ تويغىچە يېدى - دە، ئاشقىنىنى مال-
چىنىڭ كوناخالتىسىغا تىقىپ، يەنە ئۇنىڭ
بەش - ئالتىدەك زاغرا نېنىنى، ئازراقتال-
قىنىنى ئېلىپ، ئاتلانغىنىچە، شاقۇرغا قا-
راپ يۈرۈپ كەتتى.

7

مانا شاقۇر يېزىسىنىڭمۇ دەرەخلىرى
كۆرۈندى. ئۆزىنى دۇنياغا كەلتۈرۈپ، ھا-
ياتلىق شارائىتى بىلەن تەمىنلەپ چوڭ
قىلغان قەدىردان يۇرتىنىڭ يۈرىقى نېمە
دېگەن لەززەتلىك - ھە؟ سۇلتان توغراق
ۋە يۇلغۇنزارلىقلارنى ئارىلاپ، موكۇپ
چۆكۈپ يۈرۈپ يول مېڭىپ، نامازدىگەر
ۋاقتىدا، شاقۇر چېگرىسىغا يېتىپ كەلگە-
نىدى. ئەسلى مۇددىئاسى بويىچە سۇلتان
شاقۇر يېزىسىنىڭ ئۇچىگە كىرمەيلا جاڭگال
ياقىلاپ، كېچىك تېپىپ دەريانىڭ نېرى
قېتىغا ئۆتۈپ كېتىشى، شۇ ئارقىلىق سى-
جاڭنىڭ تۇپىنى ئىزلەپ تېپىپ قوشۇلۇشى
كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ پەرىزىدە ئابدۇنىياز
سىجاڭ شۇ چاغدا مەكىت ياكى يەكەن ئەت-
راپىدا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەن بولۇشى كې-
رەك ئىدى. قىسمەت ئۇنى شۇ ئارزۇ - مەق-
سەتكە يەتكۈزەرمۇ ياكى يولىنى توسۇپ قو-
يارمۇ؟

ئۇ، يۇرت ئۇچىگە كىرگەندىن كېيىن
ئىرادىسى سەل بوشاشتى. يۇرتىنى سېغى-
نىشىنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى ئۈستۈن كەل-
دى. ئىختىيارسىز ئېتىنىڭ بېشىنى كەنت
تەرەپكە بۇردى. ئۇ، يوشۇرۇنۇپ دېگۈدەك
كەنت ئۇچىگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا
خېلىلا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. كەنتكە كى-
رىشىنىڭمۇ - كىردى، لېكىن كىمنىڭكىگە با-

رار؟ ئۇ ئەزەلدىن ئۆي-ماكانى يوق، باي-
لارنىڭ ئىشىكىدە مالايلىقتا، كۈن كەچۈ-
رۈپ كەلگەن بىر يېتىم بالا. تالادا تۇغۇل-
سۇنمۇ؟ «كۇپىيىدە» تۇغۇلغان ئىسمىگە، كېچى-
كىدە بىللە ئوينىپ ئۆسكەن قەدىناس دوس-
تى قادىر كەلدى. «شۇنىڭكىدە بىر كېچە
تۈنەپ ئۆتەي».

قەدىناس دوستلار قىزغىن قۇچاقلىشىپ
كۆرۈشتى، دوستىدىن ئۇستىدە ئولتۇرۇپ
كۆڭۈللۈك مۇڭداشتى. سۇلتان، قادىر ئار-
قىلىق، سىنجاڭ ھەققىدە خېلى يېڭى يىپ
ئۇچىغا ئىگە بولدى. سىنجاڭنىڭ قوشۇنلىرى
دەريادىن ئۆتكۈچە ناھايىتى كۆپ چىقىم-
غا ئۇچراپتۇ، بەزىلىرى ئايروپىلان ھۇ-
جۇمىدا ھالاك بوپتۇ. ئىنشائاللا، سىنجاڭ
بىر توپ باتۇر يىگىتلىرى بىلەن بىللە يې-
رى قاتتىق ئۆتتۈۋاپتۇ، ئاكىلاشلارغا قارىغان-
دا ھەكىمت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن-
دەك، تېخى قارىغۇ تاغقا ئۇلاشقۇچى بول-
ماپتۇ.

— ئوسمان بەگنىڭ ئەھۋالى قانداق-
راق؟ -دەپ سورىدى سۇلتان، - ئۇ كۈنى-
كى، سىنجاڭنىڭ كېيىنى قولىقىدا تۇتتىمۇ
ياكى يەنە ئەشۇ قىلمىشلىرىنى تەكرار-
لاپ يۈرەمدۇ؟

— ھەي، سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان
بىلەن چىقىدۇ، دېگەندەك، ئەسلى تەبى-
ئىيىتى چايان بولغاچقا، سىنجاڭ كېتىپلا
يەنە قىلمىدىغىنىنى قىلدى. سىنجاڭنىڭ بۇ
قېتىم شاقۇردا، روسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچ-
رىشىمۇ، شۇ لەنەتكەردىنىڭ چېقىمچىلىقى
بىلەن بولدى ئەمەسمۇ؟ ئېسىت! نۇرغۇن
باتۇرلار زايا بولۇپ كەتتى!

سۇلتان لېۋىنى قاتتىق بىر چىشلىدى-
دە، بىر پەس شۈكلەپ كەتتى. شۇ تاپتا
يۈرىكىدە كۈچلۈك قىساس ئوتى لاۋۇلداپ
كەتكەنىدى. بىراق بۇ ئوت بەربىر ئۇ-
نىڭ يۈرىكىدە-دە، شۇ تاپتا ئوسمان
بەگنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ ئېتەلەمدۇ؟
مۇمكىن ئەمەس! شارائىت يوق! ئۇلار ئۇ-
زۇن سىردىشىپ ئولتاردى. پۇشۇرۇلغان
خوراز گۆشىنى، پولۇ بىلەن راسا مەزە
قىلىپ يېيىشتى-دە، راسلانغان ئورۇنغا
كىرىپ كۆز يۇمدى.

سۇلتان باش ئەزان ۋاقتىدا كەينى
ئىشىكتىن چىقىپ كەتمەكچى ئىدى. سەزگۈ-
سى ئۇنى ھېچقاچان ئالداپ قويغان ئەمەس.
بۇ ئۇنىڭ ھەربىرلىرىگە خاس ئادىتى ئىدى.
دوختۇرلۇق ئىلمىدە بۇنى «رېفلېكس»
دەپ ئاتاشسا كېرەك، دېمەك، ئۇ، قايسى
ئىشنى قاچان، قەيەردە قىلىشنى كۆڭلىگە
پۈككەن بولسا — مەيلى ئويغاق، مەيلى
ئۇخلىغان بولمىسۇن، شۇ ۋاقىت ئىچىدە
ئېسىگە كەلتۈرۈپ پائالىيەت قىلالايتتى،
ئەمدى ئۇنىڭ «رېفلېكس»لىرىدىگە نېمە
بولغاندۇ؟ بۇ قېتىم سەزگۈسى ئۇنى ئال-
داپ قويدى. كۆڭلىگە پۈككەن پەيتتە ئور-
نىدىن تۇرۇپ ئاتلىنالمىدى. ئېھتىمال بۇ
ئۇنىڭ تۇغۇلغان يېزىسىغا كىرىپ، يېنىنى
ئۆزى ئۇچۇن تونۇش — يېقىملىق، قەدىر-
لىك زېمىنىغا يېقىپ ياتقانلىقىدىن بولسا
كېرەك. ئۇ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە
ئاران ئۇيقۇدىن ئويغاندى. «ئاپلا كېچى-
كىپتىمەن!» سۇلتان ئالدىراپ ئورنىدىن
تۇردى. چالا-پۇلا يۇيۇنۇپ ناشتا قىلدى.
شۇ ئارىدا ئوچۇق ئىشىكتىن ئىششىك ئۇ-
دۇلىدىكى تۈۋرۈككە قانتۇرۇلۇپ، تورۋا
بىلەن قوناق كەيدۈرۈلۈپ قاتتۇرۇلغان
ئاتلارغا سەپسالدى-دە، يۈرىكى «جىغ-
غىدە» قىلىپ قالدى، چۈنكى، ئاتلار قۇيې-

رۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ تال - تال ... نىچە، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، ... شىپ قالغانىدى. ئاتلار ناھايىتى سە... نەرسە، ئەسكەر بولغانلار بولۇپمۇ ئا... قۇيرۇق يېيىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. بۇ بىرەر خەۋپ-خەتەرنىڭ يېقىنلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. سۇلتاننىڭ كۆڭلى بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى-دە، شاقلا ئورنىدىن تۇرۇپ، شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا سەپسالدى. دېگەندەك، ئىككى-ئۈچيۈز مېتىر ئارىلىقتا يۈزچە قوراللىق چېرىك چەمبەر شەكلىدە قورشاپ كېلىۋېتىپتۇ. قورال، قىلىچ، نەرسىلەر ھەممىسى ئات ئۈستىدە ئىدى. ئۆگزىدىن ئات ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتقان سۇلتان دەل قولا ئاستىدىكى ئىگەرنىڭ ئۈستىگىلا چۈشتى، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، چولۋۇرنى كەستى.

— دەرۋازىنى يوغان ئېچىۋەت! دۈشمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، تېگىرقاپ قالغان قادىرغا. قادىر دەرۋازىنى ئاران ئېچىپ ئۈلگۈردى. سۇلتان ئاغىمچە مىلتىقىنى تەييارلاپ ئۈلگۈردى-دە، دەرۋازىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىر ئات قېلىپ قالدى. دۈشمەنلەرمۇ، ئۇنى ئۆز كۆزىدىلا كۆرۈپ قالغاچقا، ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ ئۇنى قوغلاشتى. سۇلتان چېپىپ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، ئوسمان بەگ بىر خەنزۇ ئوفىتسېرنىڭ يېقىنىغا كىرىۋېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ چېپىپ كېلىۋېتىپتۇ. سۇلتان قورۇلغا ئالدى-دە، تەپكىنى بېسىۋەتتى. «گۈم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، ئوسمان بەگنىڭ مېڭىسى چېچىلىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، دۈشمەنلەر يانماستىن قوغلاپ كەلمەكتە. ئوقلار سۇلتاننىڭ ئەتراپىغا يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. ئارىلىق مۇساپە قىسقىراپ، دۈشمەنلەر يېقىنلىشىپ قالاي - دېدى، مانا كۆۋەجەپ، شىددەتلىك دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان لايقى يەكەن دەرياسىمۇ كۆرۈندى. سۇلتاننىڭ يولى كېسىلدى. ئۇ، دەريا بويىدا بىر - ئىككى ئايلاندى - دە، ئاتنىڭ بېشىنى دەريا تەرەپكە بۇراپ، قامچا ئۇردى. «تەۋەككۇل، ۋاپادار، جانىۋىرىم! ئۆلسەك - دەريادا ئۆلەيلۇق، دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەيلۇق!»

ئات ئىگىسىنىڭ نىيىتىنى سەزگەندەك، قامچا زەربىسىدىن، ئالدى پۇتىنى تىك كۆتەردى - دە، ئاندىن دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى، يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دۈشمەنلەر، قىرغاقتا ئايلىنىپ، ۋارقىرىشىپ، دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ كېتىپ بارغان سۇلتاننى بىر پەس ئوققا تۇتتى - دە، قارىسى يۈتكەندىن كېيىن، «دەريا يۇتۇۋەتتى» گە چىقىرىپ كېتىپ قېلىشتى.

8

دەريا ئۇنى يۇتۇپ كەتمىدى، بەلكى «ئاۋايلاپ» نېرىقى قىرغاققا چىقىرىپ قويدى. ئۇ، دەريا بويىدىكى قىپ - قىزىل چېچەكلەپ كەتكەن يۇلغۇنزارلىقلار ئارىسىدا خېلى ئۇزۇن ئارام ئالدى. چۈنكى ئات بىلەن ئىككىلىسى قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. قورساق ئاچ، نان ئوزۇقىدىنمۇ ئايرىلدى، ئاتقۇ باياتىن بېرى ئاز - تولا ئوت تېرىپ يەپ قورسىقىنى توقلىۋالدى، ئەمما سۇلتانغا ئوت - چۆپ يېيىشكە بولمايدۇ - دە! ئۇ، بۇ ئادەمسىز جاڭگالدا تۇرۇۋې

رىشىنىڭ پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى ئەمدى ئاچ قېلىش خەۋپى ئۇنى قورشاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ ئابدۇنىياز سىجاڭنى تېپىش ئىرادىسى قىلچە بوشىمىدى. ئۇ غەيرەت قىلىپ ئاتقا مىندى - دە، دەريانىڭ غەربىي جەنۇبىي يۆنىلىشىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى...

ئۇ، ئابدۇنىياز سىجاڭنى تاپالماي مەككىت دائىرىسىدە بىر قانچە كۈن ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇر مالچىلىرى، بېلىقچىلار، تەركى دۇنيا بولۇپ چەتياقىدا يۈرگەنلەر ئەسقاتتى. قورسىقىغا تاماق، ئېتىغا ئوت - بوغۇز؛ سەپىرىگە يول بېرىشتى. شۇنداق ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ، سىجاڭنىڭ يەكەن دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئۇچۇر تاپتى - دە، دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ، ئۆزىنى يەكەن دائىرىسىگە ئالدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى شەپىسى خەۋپ ئىچىگە ئوراغلىق ئىدى. چۈنكى يەكەن ماخۇسەنىڭ ئاساسلىق كۈچلىرى ھەرىكەت قىلغان ئۇرۇش مەيدانى بولغاچقا، شىڭ شىسەي، روسىيە بىرلەشمە جازا يۈرۈشى قىسىملىرىنىڭ ئاساسلىق ھۇجۇم نۇقتىسىمۇ مۇشۇ رايون ئىدى. ماخۇسەن قىسىملىرى مۇشۇ دائىرىدە تارمار بولغان، يىغلاپ - لوۋيلەپ روسلارغا تەسلىم بولغان ئىدى. ئابدۇنىياز سىجاڭمۇ بۇ قىسمەتتىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە ئۇ تەسلىم بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما قوشۇنلىرى تولۇق دېگۈدەك تارمار بولۇپ كەتكەنىدى، ئابدۇنىياز سىجاڭ ئۆزىگە سادىق ئازغىنا ئادىمى بىلەن تېخىچە «توقۇتوق» بەرمەي، قارانغۇ تاغ تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىش غەرىزىدە ھەرىكەت قىلىپ يۈرمەكتە ئىدى.

سۇلتان ئاندا سوراپ، مۇندا سوراپ، سىجاڭنى ئاخىر يەكەننىڭ تاغاچى يېزىسىدىن تاپتى. ئۇ، چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، سىجاڭ 50 دەك ئادەم بىلەن دەرياغا يېقىن بىر جاڭگاللىقتا — مالچى كەپىسىدە چۈشلۈك غىزا يېيىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتتى. چۈنكى ئۇنى، غەزنە بىلەن ئاللىقاچان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى ياكى ئۆلدى، دەپ يۈرەتتى. سىجاڭنىڭ ئۇرۇش مۇشەققەتلىرى تۈپەيلىدىن جۈدەپ، قارىداپ كەتكەن چىرايىدا شادلىق جىلۋىلەندى.

— تاپقان ئاتاڭغا رەھمەت سۇلتان باتۇرۇم، تېخى ھايات ئىكەنسەن-دە؟ — سىجاڭ ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، ئاندىن ھەمراھلىرى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاشتى.

— بولماي نەگە باراتتىم سىجاڭ جانابلىرى، — دېدى ھاياجاندىن ۋۇجۇدىغا يىغا ئولۇشۇپ تۇرۇۋالغان سۇلتان بوغۇلغان ھالدا، — ئۆزلىرى، يىگىت دېگەن ئۆز مەقسىتى يولىدا ئاسانلىقچە ئۆلمەسلىك كېرەك دەيتىلىغۇ. مانا مەن ئۆلمەسلىككە تىرىشىپ ئۆزەمنى سىناپ باقتىم، — سۇلتاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. چۈنكى ئۇ سىجاڭنى تېپىۋالغىنىغا بەكمۇ خوش ئىدى، سىجاڭنىڭمۇ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. بەلكى بۇ ئۈچىنچى قېتىملىق ياش بولسا كېرەك. بۇ ياش نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ خۇشاللىقنىمۇ — قايغۇنىمۇ؟ پۇشايماننىمۇ ياكى پەخىرلىنىشنىمۇ؟ ھەممىنى-

ھەممىنى... بۇ قېتىمقى يىغىندا ھەممىسى باردەك قىلاتتى.

— باتۇر ئىنىم، سېنى ئەڭ ئالىي شان - شەرەپلەر بىلەن مۇكاپاتلاش كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى مەندە ئۇنداق شارائىت قالمىدى. مەندە ئامەتبار چاغلاردا شان - شەرەپلەرگە كۆمۈلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى، شۇ شەرەپلەرگە مۇناسىپ جەڭ مەيدانلىرىدا ياۋ بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ جان بەردى. بىر قىسىملىرى مۇناپىقانە ھالدا قېچىپ ئۆزىنى ياقىغا ئالدى ياكى دۈشمەنگە تەسلىم بولدى. سېنى بالدۇر بايقىماي، مۇشۇنداق پەيتتە بايقاۋاتقانلىقىمغا تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. ئەپۇ قىل ئىنىم... سىجاڭ يەنە ياش تۆكتى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا سىجاڭ، — دېدى سۇلتانىمۇ ئېزىلگەن ھالدا، — سىلە بىلەن قايتىدىن كۆرۈشكىنىمنىڭ ئۆزى مۇكاپات - شەرەپقۇ؟ ئەمدى يەنە ھايات - ماماتتا بىللە بولىمىز!

— سۇلتان قەدىرلىك ئىنىم...

سىجاڭ چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاۋۋالقى باتۇرلۇق - جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان چېھرىسى، چەكسىز غەم - ئەندىشە، ھەسرەت قاپلىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئامالسىز قالغان كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— دۈشمەن قىسىملىرى بىزنى قورشىۋالدى، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى پوست.

شۇ چاغ، سىجاڭ كۈتۈلمىگەن شان - شەۋكەت بىلەن قەددىنى ئۆرە قىلدى. باياقى غەم - ئەندىشە، ھەسرەتلەرنىڭ سايىسىمۇ قالمىغان چېھرىدە، ئاۋۋال قانداق بولسا - شۇنداق، باتۇرلۇق، مەغرۇر - جاسارەتنىڭ ئىپادىلىرى قايتىدىن جىلۋىلەندى.

— يىگىتلەر، — دېدى ئۇ قولىغا ماۋزۇرنى ئېلىپ تۇرۇپ، — ئۆلۈم ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇ قېتىم ساق قالالمasلىقىمىز مۇمكىن. ئەمما مېنىڭ ئىرادەم تېرەك ئەسىرگە چۈشمەسلىك، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولۇش، قېنى ئاراڭلاردا بۇنى خالىمايدىغانلار بولسا مەجبۇرلىيالمايمەن، كېتىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولساڭلارلا بىر ئىش تۈگەيدۇ. ماڭا ئەگىشىپ ئىش كۆرىدىغانلار بارلىق ئوق - دورىلارنى تەييارلاپ، جەڭگە تەييار ھالدا ئارقامدىن مېڭىڭلار. قورشاۋنى يۆسۈپ ئۆتۈشكە ھەرىكەت قىلىپ باقىمىز.

ئۇ، شۇنداق دېدى - دە، ئاتلىنىپ دەريانىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە ئات سالدى، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سۇلتان بىلەن قوشۇلۇپ 51 نەپەر جەڭچىدىن ھېچبىرى ئايرىلىپ كەتمىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا دۈشمەنگە بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ئەكس ئېتەتتى. ھەممىسى شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغىنىنى ئېنىق بىلەتتى. ئۇلار قوراللىرىنى ئوقلاپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە ئۇنچىقماي، سىجاڭنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

سىجاڭنىڭ بۇ كىچىك ئەترىتى قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە شۇنچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بولمىدى. ئۇلار بىر ئوچۇقچىلىقتىكى شورتاڭ دالىدا قورشاۋ ھالقىسى ئىچىگە كىرىپ قېلىشتى. ئەپچىلرەك بىر دۆڭ يەرنى تېپىپ چېپەر شەك-

لمدە ئىستىھكام قۇرۇشتى، ئېتىشىۋازلىق ئەۋجىگە چىقتى. دۈشمەنمۇ بوشكەلمەيتتى. سىجاڭنىڭ يىگىتلىرىمۇ تاللانغان مەركەزلەردىن توپلانغان كىشىلەر بولغاچقا ئاتقان ئوقى خاتاسىز تېگىۋاتاتتى.

— شۇ تاپتا بىر پىلىموت بولسىمىدۇ؟ — دېدى تىت ـ تىت بولغان سىجاڭ. ھالقا تارايماقتا، ئوق تۈگىمەكتە، يىگىتلەر بىر ـ بىرلەپ شېھىت بولماقتا. ئاخىردا سىجاڭ بىلەن سۇلتان ئىككىلا ئادەم قالدى.

— ئىنىم، ئەمدى بولمىدى، — دېدى سىجاڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرگە ئەندىشە بىلەن قاراپ، — دۈشمەننىڭ ئوقى ئىككىمىزنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتسە ياخشى بولاتتى، ئەپسۇس قېيىنشقاندەك بىزگە زادىلا ئوق تەگمەيدىغۇ؟ قارىغاندا، بىزنى ئايرىپ تىرىك تۇتۇش نىيىتىگە كەلگەندەك قىلىدۇ. لېكىن ھەرگىز تىرىك تەسلىم بولماسلىق كېرەك، كەل بىر ـ بىرىمىزنى ئاتايلى، بىر ـ بىرىمىزدىن رازى بولايلى. قېنى، سەن ئاۋۋال مېنى ئات.

— سىجاڭ، بىر گېپىم بار دېۋالاي، خەزىنىلەرنى سىلىگە سالامەت تاپشۇرالمىدىم. لېكىن دۈشمەن قولىغىمۇ بېرىپ قويمىدىم. مەخپىي بىر يەرگە كۆمۈۋەتتىم. ئەپۇ قىلغايلا.

— جان قايغۇسىدا قالغاندا، ئۇ گەپنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدى سىجاڭ ئاچچىق كۈلۈپ، — ئوبدان قىپسەن، قېنى مېنى ئات، ئاندىن ئۆزەڭنى ئات!

— سىلىنى ئاتالمايدىكەنمەن، ئاۋۋال مېنى ئاتسىلا! — ئىككىيلەن تالاشتى.

— ئەمىسە ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىتىپ تەڭلا ئوق چىقىرايلى، قېنى!...

ئۇلار قۇراللىرىنى بىر ـ بىرىگە تەڭلەشىپ بولغىچە، ئىككى پاي ئوق كېلىپ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككىسىگە تەگدى، سۇلتاننىڭ دەل يۈرىكىگە، ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ بىر تەرەپ ئوقۇرەككە، ئىككەيلەن تەڭلا يىقىلدى. سۇلتان شۇ يەردىلا جان بەردى، سىجاڭ ئوق زەربىدىن ھوشىدىن كەتتى. دۈشمەنلەر دەل شۇ پەيتتە قىقاس ـ چۇقانلار بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، قان ئىچىدە ياتقان سىجاڭنى باسماداپ باغلىۋالدى.

بىر مەزگىل جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ يېزا داللىرىدا ئات چېپىپ، ئەلنى شىڭ شىسەيىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغاپ، شان ـ شۆھرەتلەرگە كۆمۈلۈپ، جاھاننى زىل ـ زىلىگە سالغان تىمىز پۈكمەس، قەيسەر ـ باتۇر سەركەردە، دۈشمەن قولىغا ئەنە شۇنداق تىرىك ئەسىرگە چۈشتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەسىرگە ئالغان تەرەپ ئۇنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۈرۈمچىگە ـ شىڭ شىسەي ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ بەرگەن. شىڭ شىسەي بىر مەزگىل ئۇنى تۈرمىدە تۇتۇپ، كېيىنچە ئۆزىگە دۈشمەن دەپ ھېسابلىغان مەشھۇر كىشىلەر بىلەن قوشۇپ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنمىش.

ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەسلىم بولماي قۇربان بولغان سۇلتان باشلىق ھېلىقى يىگىتلەرگە شان ـ شەرەپلەر بولغاي!

1988 ـ يىل سېنتەبىر، ئاقسۇ

ئەسلىمە ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىگۈچى: مارالبېشىلىق ھاشىم مۇللام.

# ئەسلىمىلەر

## باپكار ھاپىزاخۇننىڭ روسىيىلىك تاجاۋۇزچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈشى

### غوجامبەگ

بۇ يېقىنلاردا ئېلىمىزدە ئىشلەنگەن «قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ جىنايى پاكىتى» ۋە «قىزىل قونا قىلىقتا» ناملىق فىلىملەر كىنوخانىلاردا قويۇلۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ فىلىملەردە، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنكى، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىلىكى، جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلاپ، ئەتتا ئەمەن قولىغا ئايلاندۇرۇش يولىدا قىلغان ئەسكىلىكلىرى، ئۇزۇن تارىخلىق كۆرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە جۇڭگو خەلقىنىڭ — جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ، جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ، ئىشچى - دېھقان ئاممىسىنىڭ زوراۋانلىقلاردىن قورقماي، دەھشەتلىك باستۇرۇشلارغا پىسەنت قىلماي، ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن قول تۇتۇشۇپ كۆرەش قىلىپ، ياپون فاشىستلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مەن، بۇ فىلىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر ئويلارغا چۆمدۈم. يۈرىكۈم فاشىست - تاجاۋۇزچىلارنىڭ قىلغان رەزىل قىلمىشلىرى ئۈچۈن غەزەپ - نەپرەت بىلەن تولۇپ تاشتى.

شۇ سەۋەبلىك ئۆتمۈشتە روسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قانلىق باستۇرۇشلىرى، ۋەھشىلەرچە قىلغان ئىپلاسلىقلىرى ئېسىمگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىمۇ ياپون جاھانگىرلىكىنىڭكىدىن قېلىشمىغانىدى. شۇڭا شۇ قىلمىشلارنىڭ پاكىتى بولغان بىر ھادىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم.

1932 - يىلى شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغان دېھقانلارنىڭ زوراۋانلارغا قارشى تۇرۇش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خۇددى قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك شىددەتلىك تۈس ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇردى. بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر، بارلىق ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىماقچى بولدى. شۇ

نىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانلارنىڭ ۋەكىلى — ئاتاقلىق ئىككى يۈزلىمىچى، ئاتاقلىق ساختىپەز، ئاتاقلىق مۇستەبىت شىڭ شىسەي ئىدى.

ئۇ بىر مەزگىل تاراقشىپ باققان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ بۇ يانىغا ھېچقانداق دال بولالمايدىغانلىقىنى، ئەختى - بەختىنىڭ كۆككە سورۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر دوملاپلا كوممۇنىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقتى-دە، سوۋېتلەر روسىيەسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى.

روسىيە دىپلوماتلىرى، شىڭ شىسەينىڭ ئالدام خالتىسىغا راسا ئوبدان چۈشكەن ھالدا، شىنجاڭدىكى زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇش يولىدا كەتمەن چاپتى. زور مەبلەغ - ئادەم، ئەسكەر چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى مۇھىم ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى كونترول قىلدى. ئەسكەر ۋە «مەسلىھەت»چىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ساختا ۋەدە - مۇرەسسەلەر بىلەن، ئىنقىلاب ئوتىنى ئاران بېسىقتۇرغان بولدى. لېكىن ئاز ۋاقىت ئۆتمەي بۇ روسىيىلىك ئەجنەبىلەر، شىڭ شىسەي بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، تۈزگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمىدى، ئالداپ ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، يوشۇرۇن يوق قىلىۋېتىشتەك ۋاستىلار ئارقىلىق چوڭ قىرغىننى باشلىدى.

ئىشىنىڭ باشقىچە تۈس ئالغانلىقىنى سەزگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ باتۇرى ئابدۇنىياز قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى غەليانلىك ئۇرۇشلارنى قىلىپ تاكى كۇچارغىچە ئىشغالىيەت يۈرگۈزدى. يەنە ئىشىنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن شىڭ سوۋېتلەر روسىيەسىگە يالۋۇردى. سوۋېتلەر روسىيەسىمۇ دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرى ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلارنى يالاپ سېتىۋېلىپ، تەربىيىلەپ، روسلارنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى جازالاش ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ چېگرىدىن بىمالال كىرگۈزۈپ، باستۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى باشلىدى. مانا بۇ ئەترەتلەر، شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ يۈرىكىدە ئىبلىس قارا سۈرەت بولۇپ قالغان، سېسىق نامى پۇر كەتكەن «تۆرتىنچىلەر» دېگەنلەر دەل شۇ!

بۇ جازا ئەترەتلىرى ئايرۇپىلان، تانكا ... قاتارلىق زامانىۋى قوراللارغا تايىنىپ، ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن قوراللانغان، ھېچقانداق يەردىن ياردەم ئاساسى بولمىغان دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا كىرىشتى.

ئابدۇنىياز يېتەكچىلىكىدىكى دېھقان قوزغىلاڭچى قوشۇن، ئىگىلمەس - سۇنماس روھى بىلەن، چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىنى ئاياغ-ئاستى قىلماق بولغان ھەرىكەتلىرىگە قارشى باتۇرلارچە ئېلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ كۈچ نىسبىتى جەھەتتىكى رېئاللىق ئالدىدا ئاجىز كەلدى ۋە تار - مار بولۇشقا يۈزلەندى.

ئۆزىنى «ئېزىلگەن خەلقلەرنى ھىمايە قىلىدىغان دۆلەتنىڭ ئادىمى — زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان پەزىلەتلىك ئارمىيە» دەپ ئاتىۋالغان، ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت ئەخلاق نىزامىدىن چىقىپ كەتكەن بۇ بىر توپ لۈكچەكلەر، قوزغىلاڭچى قوشۇننى تار - مار قىلغاندىن كېيىن ئەسىرلەرگە نىسبەتەن دەھشەتلىك فاشىستىك ۋاستىلارنى

قوللاندى، ئۆلارنى چۆل - جەزىرىلەرگە ئېلىپ چىقىپ، توپ - توپ ھالدا پىلىموت ئوقىغا تۇتۇپ قىردۇەتتى، تاغارلارغا سولاپ ئىنىز-دىن چېچىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى، ئوردىلارغا تېرىك كۆمدى، قىلىچ بىلەن چاپتى... ھېلىمۇ ئۆلارنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى چۆللەردە قۇرۇق قاقشال ئوتۇندەك دۈۋىلىنىپ ياتىدۇ.

بۇ لۇكچەكلەر بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇرغان بازىلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىگۇناھ، ئاجىز كەنت ئاھالىلىرىنى «ئىسيانچىلارنىڭ پۇشتى»، «ئىسـيانچىلارغا ئاش بەرگەن» دېگەن گۇناھلار بىلەن قىرغىن قىلغان، بالىلارنىڭ پۇتىنى يىرىپ ئۆلتۈرگەن، خوتۇن-قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان. بۇنىڭغا مىساللار تولا. مەن كىچىككىنە بىر پاكىتنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمەن.

شۇ چاغلاردا (1937 - يىل 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا) ئاقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق ئايكۆل يېزىسىنىڭ «كىمىشلە» يېزىسىدا ھاپىز ئاخۇن ئىسىملىك 30 ياشلاردىكى قېلىن قارا قاشلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق، قارا بۇرۇت بىر باپكار يىگىت بار ئىدى. بۇ يىگىتنىڭ 25 ياشلارغا كىرگەن، ئاق ئۆڭلۈك ناھايىتى چىرايلىق، ئۆستىخىنى كېلىشـكەن ئايالىمۇ بار ئىدى.

بىر كۈنى چۈشۋاقتىدا ھاپىزاخۇن ئېتىزلىقتا قوناقلىقلارنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىپ قالىدۇ. ئىرادىخان ئۆيدە يىپلارنى پاتلاپ ئولتۇرغانىدى. تۇيۇقسىز ھويلا دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ - دە، قوراللىق ئۈچ نەپەر ياش ئورۇس ئەسكەر كىرىپ كېلىدۇ. ھويلا-ئارامـلارنى تىمىسقىلاپ «ئىسيانچىلار بارمۇ-يوق؟!» دېگەن مەنىدە ۋارقىرىشىدۇ. غەيرى تىلـدىكى ۋە غەيرى چىرايدىكى ئادەملەرنى كۆرۈپ ياقىغان ئىرادىخان، ئۇنچىقارماي يىلا ئىشكەركى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ. ئۆيدە بىر ئايالدىن باشقا ئادەم يوقلۇ-قىنى كۆرگەن ئورۇسلار (بۇ ئورۇسلار دەل ھېلىقى «تۆتىنچىلەر» ئەترەتلىرىنىڭ ئايكۆلـنى ئىشغال قىلغان قىسىملىرىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئىدى) نىيەتلىرىنى بۇزۇپ ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇرۇنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ھاپىزاخۇن ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ قالىدۇ - دە، ئىشىك بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قوراللىق غەيرى كىشىلەرنى كۆرىدۇ. ئۇ غەزىپى تاشقان ھالدا ئۆلار بىلەن ئېلىشماقچى بولىدۇ. لېكىن يالغۇز كېلىپ قېلىپ كۈچى يەتمىگەنلىكـتىن، ئورۇسلار مىلتىق بىلەن ئۇرۇپ، تېپىپ - مۇشلاپ يۇرۇپ تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇپ ئاندىن ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ، ئىرادىخاننى ئېرىگە قارىتىپ قويۇپ باسقۇنچىلىق قىـلىدۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان ھاپىزاخۇن غەزەپ كۈچى بىلەن باغلاقتىن بوشىنىدۇ - دە، كەتمەننى كۆتۈرۈپ ئۆلارغا ئېتىلىدۇ. بەختىگە قارشى ئۆلاردىن بىرسى مىلتىق بىلەن ھاپىزاخۇننى ئېتىۋېتىدۇ - دە، ئىپلاس ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى قاندۇ-رۇپ، ئاندىن ئىرادىخاننى قاتتىق ئۇرۇپ بىھوش قىلىۋېتىدۇ، ئۆي-ئىچىنى ئاختۇ-رۇپ ئاتىسىدىن مىراس قالغان بىر ئاز ئالتۇن بويۇم ۋە تەڭگىلەرنى بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

مانا بۇ جاھاننى بېشىغا كەيگەن «ئېزىلگەن خەلقلەرنى ھىمايە قىلىدىغان» سو-ۋېت روسىيىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن لۈكچەك ئەسكەرلىرى-

نىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى! بۇنداق پاكىتلار، روسلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىدىن جاق تويغان جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ قەلبىگە تېرىسىدەك پىلەپ سالىدىغانلىقى.

ئوروس دىپلوماتلىرى ـ سىياسەتۋازلىرى، ھېلىگەر شىڭ شىسەي ئۈچۈن تىرىشىپ تىرمىشىپ جان ساتقان، خىزمەت قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئىشنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈپ، ئۆزىنى ئوبدان ئوڭشىۋالغان شىڭ شىسەي ئاخىرىدا ئۇلارنى بىر تىيىن پۇلغا، بىر پۇڭ يەرگىمۇ ئەگە قىلدۇرماي، ئەپچىللىك بىلەن كۆتىگە تېپىپ ھەيدەپ چىقاردى. بىر ھېسابتا ئۇلارغا راسا خوپ بولدى!

## جياۋخەنچىڭنىڭ ئادەم سويدۇرۇشى

### توختىنىياز خولۇڭ ☆)

ئەينى ۋاقىتتا ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى قىرىشتىكى ئۇسۇللىرى قانچىلىك قەبىھ بولغان بولسا، شىنجاڭ ۋە ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئاقسۇدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئېزىش ـ تىزگىنلەش يولىدا ئېلىپ بارغان زوراۋانلىقلىرىمۇ شۇنچىلىك قەبىھ ئىدى.

بۇ قېتىم كىنوخانىلاردا قويۇلغان «قىزىل قوناقلىقتا» دېگەن فىلىمدىكى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ، جۇڭگو دېھقانلىرىنى تېرىك سويدۇرغان قەبىھ كۆرۈنۈشىنى كۆرۈپ، 1945 ـ يىل 10 ـ ئاي ئاخىرلىرىدا، ئاقسۇ شەھىرىدە يۈز بەرگەن خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر دەھشەتلىك ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى ـ دە، تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئارىدىن 43 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ۋەقەلەر ھازىرقىدەك، دەھشەتلىك كۆرۈنۈشى بىلەن كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئۇنى ئەسلىمە قىلىپ قالدۇرۇشنى لايىق كۆردۈم.

1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىبباسوف، قاسىمجان قەمبەرى، سوپاخۇن يېتەكچىلىكىدىكى جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرى، تەڭرىتاغدىن غەلىبىلىك ئېشىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى. شۇ چاغدا ئاقسۇ شەھىرىنى ساقلاۋاتقان 5 ـ تۈەننىڭ يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن تۈەنجاڭى جياۋخەنچىڭ، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەربىي ـ مۇدىيە قۇۋۋىتىنى بىرا قولاچاڭگەلىغا ئالدى ـ دە، ھەم شاڭشياۋ تۈەنجاڭ ھەم گارنىزون سىلىڭ، ۋالىي بولۇۋېلىپ، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى قاتتىق كۈچەيتتى. زەھەرلىكى، ۋەھشىلىكى كۈنسايىن ئاشتى.

جياۋخەنچىڭ شۇ كەملەردە 40 ياشلاردا بولۇپ، ئېگىز بوي، تاقىر باش (بېشىنى چۈشۈرۈپ يۈرەتتى)، ئورۇق يۈزلۈك، قاڭشارلىق، قارامتۇل چىراي، گازىر كۆز، ئاسانلىقچە

☆) خولۇڭ ـ ئاپتورنىڭ لەقىمى. يەنى «كارنايچى» مەنىسىدە، ئاپتور ئۆز ۋاقتىدا، گومىنداڭ قىسمىدا كاناي چېلىش ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان.

كولىمەيدىغان، سۇرلۇك، مىجەزى چۇس، زالىم تەبىئەتلىك بىر نېمە ئىدى (شۇ چاغدا كونا جەمئىيەتنىڭ ئۈستىگە، ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چۇيزى چىڭنىڭ قىزىنى ئالغانىدى).

قورشاۋدا قالغان جىياۋخەنچىڭ تىت - تىت بولاتتى. ئەمما كۆرەش ئىرادىسى كۈچلۈك ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە يۈرەكلىك تېگىش قىلالمىدى. مۈشۈكنى كۆرگەن چاشقان ھالىغا چۈشكەنىدى، شۇنداق تۇرۇغلۇق ھاكاۋۇر جىياۋخەنچىڭ نومۇس كۈچىدىن بىرە - بىرە قىسىملارنى سەپەرۋەر قىلىپ، كېچىلىرى سېپىل سىرتىغا چىقىرىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قورشاۋچى قىسىملىرىغا كاللە ھۇجۇملارنىمۇ قىلىپ قوياتتى. كۆپ چاغلاردا قاتتىق زەربە يەپ سېپىل ئىچىگە كىرىپ ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

مىللىي ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ قورشاۋچى قىسىملىرى ئىلى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېكىنىشتىن 10 كۈنچە ئىلگىرى (بۇ چېكىنىش گومىنداڭ - ئىلى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغانلىقتىن بولغانىكەن.) يەنە بىر قېتىم بىر بۆلۈك قىسىمنى سەپەرۋەر قىلىپ سېپىل سىرتىغا چىقىرىپ ھۇجۇم قىلدۇردى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمغا مەنمۇ قاتناشتۇرۇلدۇم. ئۇ چاغلاردا مەن 22 ياشلاردا بولۇپ، 4- لىيەندە كاناي چېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتىم. شۇڭا ماڭا ئەسكەر-ئوفىتسېرلار «خولۇڭ» يەنى «كاناىچى» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇۋالدى. چاقىرسا «توخنىياز خولۇڭ!»- دەپ چاقىراتتى. بارا - بارا مەنمۇ بۇ نامغا كۆنۈپ قالغانىدىم.

شۇ قېتىملىق ھۇجۇممۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. مىللىي ئارمىيە كېلىشتۈرۈپ ئەدىپىنى بەردى. شۇ كېچىدىكى ھۇجۇمدا بىزدىن ئۈچ ئوفىتسېر ۋە كۆپلىگەن ئەسكەرلەر ئۆلدى، ئوفىتسېرلاردىن سۇڭ دۇيفۇ (فۇ پەيجاڭ) دېگەننىڭ مېڭىسىگە، يەن لىيەنجاڭ دېگەننىڭ يۈرىكىگە، يەنە بىر خەنزۇ پەيجاڭنىڭ ئۆپكىسىگە ئوق تېگىپ ئۆلگەن. ئوفىتسېرلارنىڭ ئۆلۈكى چېكىنىشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ سېپىل ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئېلىندى. قالغانلارنىڭ سېپىل سىرتىدا قېلىپ قالدى. بىزمۇ ئاران-بالادا سېپىل ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدۇق. تالاپەت تارتقان جىياۋخەنچىڭنىڭ غالجىرلىقى تۇتتى-دە، «قىساس» ئېلىش ئۈچۈن، تۈرمىدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىش چارىسىنى ئىشلەتتى.

شۇ قېتىمقى كېچىلىك ھۇجۇمنىڭ ئەتىسى ئىدى، ئەتىگەنلىك ھەرىكەتلەرمۇ تۈگىدى. تاماققا كاناي چېلىۋېتىپ، تاماق يېيىشكە ئولتۇردۇم. تاماق يەپ ئولتۇرسام، شاڭ لىيەنجاڭ (مېنىڭ لىيەنجاڭىم) قېشىمغا كەلدى - دە، بۇيرۇق تەلەپپۇزى بىلەن:

— توخنىياز تامىقىڭنى تېز يېگىن! يەپ بولۇپ دەرھال سىلىڭگىبۇ ئالدىدىكى مەيدانغا بېرىپ، لىيەننىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن كاناي چېلىۋەت! - دېدى.

— مۇھىم گەپ بار ئوخشىمامدۇ لىيەنجاڭ؟ - دەپ سورىسام ئۇ:

— ھەئە، مۇھىم ئىش بار! - دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

بۇيرۇق بويىچە دەرھال يىغىلىشقا كاناي چېلىۋەتتىم. مېنىڭ بىلەن تەڭلا كاناي ئاۋازلىرى مەيداننى كۆتۈرۈۋەتتى. كاناي چېلىپ بولۇپ تۇرسام زىڭ پەيجاڭ دېگەن يەنە بىر ئىشقا بۇيرۇۋەتتى. شۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن كېتىپ قالدىم. ئىشنى

بېجىرىپ بولۇپ مەيدانغا قايتىپ كېلىپ قارىسام، 5- تۈۋەندىكى ئاساسلىق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ، لىيەن، پەيلەر بويىچە رەت-رەت بولۇپ شىمال، غەرب، جەنۇب، شەرق تۆت تەرەپ تىزىلىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇلار تىزىلغان يەر هازىرقى دېھقانچىلىق 1-دىۋىزىيىنىڭ ئىچى-ئۈرۈمچى يولىنىڭ جەنۇبىي يەنى هازىرقى ئاقسۇ شەهەر بازارلىق دوختۇرخانا ئەتراپى ئىدى. بۇ يەردە يوغان ئۆسكەن بىر قانچە توپ تېرەك بار ئىدى. ئۇ تېرەكلەر تېخى شۇ يېقىنلاردا كېسىلىپ كەتتى.

مەن ئاستا كېلىپ ئۆز لىيەنىمگە قوشۇلدۇم. قىستىلىپ يۈرۈپ ئالدىغا ئۆتتۈم. «نېمە گەپتۇ؟» -دەپ مەيدانغا كۆز تىكتىم. تېخىم «جۇغغىدە» قىلىپ كەتتى. مەيدان چېتىدىكى قاپاق تېرەككە، ئۈچىسىدا قىزىل رەڭلىك ئاسما مايكىسى بار، ئاق رەڭلىك كالتە ئىشتىنىدىن باشقا كىيىملىرى سالدۇرۇپ ئېتىلگەن، يالاڭباش، ئېگىز بويى- كەۋدىلىك، قاڭشالىق، قارا چوقۇر 25 ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر يىگىت، قوللىرى ئارقىسىغا قايرىلىپ باغلىۋېتىلىپتۇ، نېرىدا 50 ياشلاردىكى قاراساقال، پاكار، تەمبەل بىر كىشى، قوللىرى ئارقىسىغا باغلاقلىق تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇلۇپ قويۇلغان، يەنە بىر چەتتە ئادەم توغرايدىغان بىر جادۇ تۇرغۇزۇپ قويۇلغان، جادو قېشىدا 70 ياشلاردىكى ئاقساقال، ئورۇقراق بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان، يەنە بىر چەتتە چىلان دەرىخىدىن ياسالغان چىرايلىق ئۈچ دانە گۈەنسەي قاتار قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كېچە ئۆلگەن ئۈچ ئوفىتسېرنىڭ جەسىتى بار ئىكەن. گۈەنسەيلەرنىڭ باش تەرىپىگە بىر جوزا قويۇلغان، ئۇنىڭدا بېشى چالا كېسىلگەن، ئاغزىغا يېڭى ئۈندۈرۈلگەن بۇغداي مايسىسى چىشلەتكۈزۈلۈپ قويۇلغان ئۈچ دانە قىزىل رەڭلىك خوراز ياتاتتى. يەنە بىرچەتكە ئېسىل جوزا-ئورۇندۇقلار راسلانغان بولۇپ، جىياۋخەنجېڭ باشلىق بىر قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار چىرايلىرى سۇر باسقان هالدا، ئاماكىلىرىنى پۇرقىرىتىپ چېكىشكىنىچە ئۈنچۇقماي ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بېلىگە پارقىراپ تۇرغان ناهايىتىمۇ ئۆتكۈر يوغان بىر پىچاقنى قىستۇرۇپ ئالغان 24 ياشلاردىكى ئورۇق، ئوتتۇرا بويى، كۆزىنىڭ ئىچى يوغان، چىرايى سۇرلۇك كەلگەن چىڭ مەنسالىڭ ① دېگەن يىگىت كۆرەڭلىك بىلەن كېرىلىپ ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. ئاڭلىشىمچە چىڭ مەنسالىڭنىڭ دادىسى شىۋە، ئانىسى قازاق ئىكەنمىش، ئۇ تازىمۇ قارا يۈرەك بىرلېمە بولغاچقا، جىياۋخەنجېڭنىڭ دائىم قورقۇنچلۇق ئىشلىرىنى ئورۇنداپ بېرىدىغان ئەتىۋارلىق ئادىمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

هېلىقى تېرەككە باغلىۋېتىلگەن قارا چوقۇر يىگىتنىڭ ئىسمى سادىق بولۇپ، ئەسلى بايلىق ئىكەن. «بوسۇڭ تۈەن» ناملىق تۈەننىڭ ئەسكىرى بولۇپ، بۇ تۈەننىڭ بىر يىگى بايدا تۇرىدىكەن. ئىللىسي ئارمىيە باينى ئىشغال قىلغاندا، ئۇلارغا ئۆتۈپ كەتكەن. كېيىن ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ، ئاقسۇنى قورشاش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. بىر

① چىڭ مەنسالىڭ — دولەت ئازاد بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل قامالغان، كېيىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كالا-قوي بورداپ ئەمەللەش زاۋۇتىدا مال سويىدىغان ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن قان زەرداب كېسىلى بىلەن ئۆلگەن.

خامانىدىكى شال پاخىلى ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ۋەزىيەت ئىجرا قىلىنىۋاتقىنىدا ساتقىنلارنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن ئالدىنقى قېتىم سېپىلدىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان. جادۇ تۆۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان ئاقساقال بوۋاي، خەيجاڭ مەھەللىسىدىن بولۇپ، سەتىراش ئىدى. تىنچ چاغلاردا تۆۋەندىكى ئەسكەرلەر بىردىن دائىم بېشىنى چۈشۈرگۈزەتتى. ساتقىنلار «مىللىي ئارمىيەنىڭ بېشىنى چۈشۈردى» دەپ چاقچاقلىشاتتى، ئۇنىمۇ كېچىلىك ھۇجۇم پەيتىدە تۇتۇۋالغان. ھېلىقى قارا ساقال كىشى، يار ئۈستىلىك بولۇپ، خېلى يورۇق شەھەرگە بېدە ساتقىلى كىرگەندە، بىزنىڭ ئات - ئۇلاققا قارايدىغان زاپچوزلىرىمىز بېدىسىنى ئېلىۋېلىپ پۇلىنى بەرمىگەن، ئۇ چاغلاردا گومىنداڭ قىسىملىرىدا بۇنداق ئىش تولا ئىدى، ئارمىيە مالىيەسىدىن يەم-خەشەك ئېلىشقا پۇل ئاجراتقان بولسىمۇ، دائىم پۇقرالارنى قاقشىتىپ، ئازغىنا بەرسە بىردەك ياكى بىر تىيىنمۇ بەرمەي ئوت-ساماننى، ئوتۇن... قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، پۇلىنى ئۆزلىرى چۆنتەكلىرىگە سېلىشاتتى. ھېلىقى ئادەم پۇل تەلەپ قىلسا ئۇرغانىدا زەردىسى قايناپ تۇتۇشۇپ قالغان. نەتىجىدە تۈرمىگە سولاپ قويغان. دېمەك: بۇ ئۈچ نەپەر ئادەم، ھېلىقى گۆنسەيلەردىكى ئۈچ نەپەر ئوفىتسېرنىڭ قىساسى بەدىلىگە ئۆلتۈرۈلىدىغانلار ئىدى. گومىنداڭنىڭ ئەنئەنە ئادىتىدە، بۇنداق مەيدان راسلاپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، «قىساس ئېلىپ روھىنى خاتىرجەم قىلىش» دەپ ئاتىلىدىكەن.

مەيداندا ناھايىتى جىمجىتلىق، سۈرلۈك ھالەت شەكىللەندى. ئەسكەرلەر چوڭراق تىنىشقىمۇ پېتىنالماي، جازالىنىدىغانلارغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ چىرايلىرىنى قورقۇنچ، ئەپسۇسلۇق، ئىچ ئاغرىتىش ئىپادىلىرى قاپلىغانىدى.

دەم ئۆتۈپ جياۋخەنچېڭ ئورنىدىن تۇردى - دە، (ۋاقىت يەتتى بولغاي) تىزلىنىپ تۇرغان ئەسكەرلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ئاندىن بۈگۈنكى يىغىلىشنىڭ مەقسەت ۋە سەۋەبلىرىنى، ۋەزىيەتنى، «ئىلى ئوغرىلىرى» نىڭ جىنايەتلىرىنى، ھېلىقى ئۆلگەن ئۈچ ئوفىتسېرنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى تۆھپىسىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ روھى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنى دەپ بىر ھازا كاپشىدى. سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، جاللاتلارغا قاراپ، قولى بىلەن «باشلانسۇن!» - دېگەن مەنىدە ئىشارە قىلدى.

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا جاللاتلار ھەرىكەتكە كەلدى، ئالدى بىلەن ھېلىقى ئاقساقال بوۋاي جادۇغا بېسىلدى. بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشكەندىن كېيىن، قېرى زەئىپلىكتىنمىكىن ئەيتاۋۇر، قىمىر قىلالماي جان بەردى. ئاندىن ھېلىقى قارا ساقال دېھقان قىلىچ بىلەن چېپىلدى، بىر قېتىم چېپىپ بويىنى ئۈزۈلمىگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم قايتا چېپىپ بېشىنى ئۈزۈپ چۈشۈردى. بۇ ئادەمنىڭ تېنى كۈچلۈك بولغاچمىكىن، بىراش يەردە سەكرەپ، تەن سىلكىنىپ ئۇزۇندا جېنى چىقتى. ئاخىرىدا جياۋخەنچېڭ، مەغرۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ يۈرگەن چىڭ مەنساپقا كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى. چىڭ مەنساپ دەرھال ھۇر-

مەت بىلدۈردى- دە، ئاندىن ھېلىقى تېرەككە باغلىۋېتىلگەن سادىقنىڭ ئالدىغا كەلدى. مايكىسىنى تارتىپ يىرتىپ يالىڭاچلىدى. قولىدىكى پىچاقنى ئوينىتىپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپ كۆكسىنى «شارتلا» قىلىپ كېسىۋەتتى. سادىق بىچارە ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتى. چىڭ مەنساڭ پەرۋامۇ قىلماي ئۇنىڭ سول كۆكسىنى كېسىۋەتتى. قانشارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. سادىق قىيغىل - تاغىل ۋارقىرايتتى. چىڭ مەنساڭ بىر قولى بىلەن سادىقنىڭ تۇمشۇقىنى «كاپ» قىلىپ تۇتۇۋېلىپ سۆرەپ تارتقىنىچە پىچاق بىلەن كېسىۋەتتى، ئارقىدىن ئىككى قوۋۇزىنى قۇلاق تۈۋىگىچە يېرىپ كەستى. كۆكسىدىن پىچاق سالغىچە دوۋسۇنىغىچە يېرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇچەي - باغرى تۆكۈلۈپ، ساڭگىلاپ قالدى، چىڭ مەنساڭ قىلچە ئەيمەنمەي، قولىنى يېرىقتىن سېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغاردى. بۇ چاغدا، سادىقنىڭ كۆزلىرى چىمىلداشتىن توختاپ، بىر ئالايدى- دە، بېشى چۈشۈپ كەتتى. دېمەك ئۇنىڭ جېنى چىققانىدى. بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشكە داۋاملىق قاراپ تۇرۇشقا راھىم قالمىدى. ئىچىم ئېلىشىپ، پۇت - قوللىرىمدا جان قالمىدى، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئالدىم. يېنىمدا تۇرغان شياڭ ليەنجاڭ پەس ئاۋاز بىلەن:

— توختىنىياز قورقۇۋاتامسەن؟ - دەپ سورىدى، قارىغاندا ئۆزىمۇ قورقۇپ، كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرغان بولسا كېرەك، چىرايىدىن ئېچىنىش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئىلگىرىكى چاغلاردا، ئەسكەرلەرگە مۇشۇنداق جازا ئىجرا قىلىنىۋاتقاندا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار ياكى ئەسكەرلەر باش ئۇرۇپ، گۇناھىنى تىلەۋالىدىغان ئىشلار بولاتتى. لېكىن بۈگۈن ۋەھشىلىكى تۇتقان جياۋخەنچىڭنىڭ ئالدىدا ھېچكىمنىڭ تىلەشكە ھەددى ئەمەس ئىدى.

— ھە ئە، شياڭ ليەنجاڭ قورقۇۋاتىمەن. بەك دەھشەتلىك، - دېدىم.

— قورققان بولساڭ ئۇياققا قارىۋال. ھە راست بىرىپ ليەنىدىكىلەرگە چاي كەلتۈر! - دېدى. بۇ شياڭ ليەنجاڭنىڭ مېنى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىگە قاراپ تۇرۇشتىن قۇتۇلسۇن - دەپ، ئېتىبار بەرگىنى ئىدى. بۇ ۋەزىپە ماڭا ئاغرىق كالىغا پىچاق خوش ياققاندەك ياقتى.

— خوپ! - دېدىم - دە، يۈگۈرۈپ كەتتىم. بىر ھازادىن كېيىن، ئەپكەشتە ئىككى چېلەك چاينى ئېلىپ كەلسەم، سادىقنىڭ گۆشى بۆلەك، سۆڭىكى بۆلەك بولۇپ بوپتۇ. خۇددى كاۋاپچىلار گۆش تېلى قىلغاندەك، كېيىن ئۇنىڭ گۆش ۋە سۆڭەكلىرىنى بىرسى قول ھارۋىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئەسكەرلەرمۇ تارقاشتى. كېيىن ئاڭلىسام، ھارۋىدىكى جەسەتنى سېپىل تۈۋىدىكى ھاجەتخانىنىڭ قېشىغا تاشلىۋەتكەن ئىكەن، ئىتلار يەپ كېتىپتىمىش. يەنە ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ يۈرىكىنى جياۋخەنچىڭ سەي قورۇپ، ھاراققا زاكۇسكا قىلىپ يېگەن، دېيىشىدۇ.

## «سالاخۇن ئاشپەزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» توغرىسىدا ئەسلىمىلىرىم

ساۋۇت سالى

«سالاخۇن ئاشپەزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى» - دېگەن ۋەقە 1945 - يىلى 9 - ئايلاردا ئىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ ئاقسۇنى گومىنداڭچىلار قولىدىن ئازاد قىلىش ئۇرۇشى تارىخىدىكى، كىشىلەر ئاغزىدا، يازغۇچىلارنىڭ قەلىمىدە ياكى ئەسلىمىلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان خېلى مۇھىم ۋە مەشھۇر ۋەقەلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغان. لېكىن بايان قىلىنىشتا خىلمۇخىل رىۋايەت-تەرىپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بەزىلەر: «گومىنداڭچىلار، سالاخۇن ئاشپەزنى قىلىچ بىلەن چېپىپتۇ» - دېسە، بەزىلەر: «جادۇغا بېسىپتۇ» دەيدۇ. باشقا ئىشلىرى توغرىسىدا يەنىلا: «ئۇنداق بولغان، مۇنداق بولغان» دېگەندەك بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان گەپلەر. مەن بۇ ۋەقەنىڭ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇدىكى پائالىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە سالاخۇن ئاشپەزنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىر قەدەر توغرا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمگە ئاساسەن، قايتىدىن ئەسلەپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۈم.

ئائىلىمىز، ئەجدادىمىزدىن مىراس تەرىقىسىدە داۋاملاشقان ئاشپەزلەر ئائىلىسى بولۇپ، مەن ئەقلىمگە كەلگەنىدىمۇ دادام كونىشەھەر بازىرىدىكى ئەلگە تونۇلغان ئابرويلۇق ئاشپەز ئىكەن. بىز بىر قانچە ئوغۇللارغىمۇ ئاشپەزلىكنى ئۆگەتتى. 1942 - يىللىرى ئاقسۇ شەھەر بازىرىغا كۆچۈپ چىقىپ ئاشپەزلىك قىلدۇق. 1945 - يىلى 9 - ئايلاردا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى. ئۇلار شەھەرنى قورشاشتىن سەل بۇرۇن، گومىنداڭچىلار سېپىل ئەتراپىدىكى پۇقرالارنىڭ تاملىرىغا ئوت قويۇپ تۈزلىۋەتتى. ئۆيلىرى كۆيگەن - كۆيمىگەن شەھەر پۇقرالىرىنىڭ تولىسى ئەتراپتىكى يېزىلارغا پانا قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. بىزمۇ دادام سالاخۇننىڭ باشچىلىقىدا شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى «قارا ياتاق» دېگەن كەنتكە چىقىپ جايلاشتۇق.

شەھەرنى قورشىۋالغان مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى، شەھەر ئەتراپىغا تارقىلىپ ئورۇنلاشقان ئىكەن. شۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيجاڭ بولغان قۇربانجان دېگەن يىگىت كونىشەھەرلىك بولۇپ، ئىلگىرى كونىشەھەردىكى چاغدا بىر مەزگىل دادامدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ تۇرغان ئىكەن. كېيىن ئۆز تەلىپى بويىچە ئىلىغا چىقىپ كېتىدىغان بولغاندا، دادام خېلى ئوبدان يولغا سېلىپ قويغان ئىكەن. شۇ يىگىت ئاقسۇغا كېلىپلا ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن دادامنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئاخىرى جاكۆرۈك بېشىدىكى «تومشۇغولا» دېگەن كەنتتىكى نىياز بەگ دېگەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ - دە، دادامنىڭ قېشىغا باشلاپ چىقىدۇ. چۈنكى نىياز بەگ دادامنى تونۇيتتى ۋە ئاغىنىدارچىلىقى بار ئىدى.

قۇربانجان «قارا ياتاق» قا يېقىنلاشقاندا نىياز بەگدىن:

— بۇ يەردە گومىنداڭچىلارنىڭ ئەسكىرى بارمۇ - يوق؟ - دەپ سورايدۇ. نىياز بەگ:

— جىياۋ تۋەنجاڭنىڭ شاللىقىنى باشقۇرىدىغان بىر بەنچە ئەسكىرى بار، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

قۇربانجان ئۇلارغا تەگمەيلا، بىر پەي ئادەمى بىلەن يېتىپ كېلىپ دادام بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن دادامنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى (قالغانلىرىمىز قارا ياتاقتا قالدۇق). دادام شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن قۇربانجان بىلەن بىرگە ئەسكەرلەرگە ئارىلىشىپ يۈرگەن ھەم تاماق ئېتىپ بەرگەن.

ئىلى ئارمىيىسى گومىنداڭ بىلەن بولىدىغان سۆھبەت سەۋەبىدىن، ئىلى تەرەپنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، جىياۋخەنچىڭ غالجىرلىق بىلەن بىگۇناھ پۇقرالاردىن «ئىلى ئوغرىلىرىغا يان باسقان» دەپ ئۆچ ئالدى. شۇ قاتاردا دادامنى ئىز - دېرەكلىمىدى. ئاكىمىسچە دادام قورقۇپ دەرھال قېچىشىمىزغا قايتىپ چىقىپ ئالدى. ئاندىن بىر ئائىلە جەم بولۇپ، قارا ياتاقتىن يۆتكىلىپ قېچىپ ماڭدۇق. كېچىدە ساقسايىنىڭ «خان توغرىقى» دېگەن يېرىگە بېرىپ قالدۇق، شۇ يەردە قوندۇق. ئارقىمىزدىن ھامۇت (ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەرجىمانى) ئوكوجاڭ (خەنزۇ، ناھىيىنىڭ كوجىگى) قاتارلىقلار بىزنى ئىزدەپ چىقىپ تاپالماي ئاخىرى شۇ يەردىكى يەرلىك بەگلەردىن «قارا ياتاق» كەنتىنىڭ بېگى مەمەتئىلى بەگ، «سېرىقسۇ» كەنتىنىڭ بېگى ئوبۇل بەگ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مىرزا بېگى رۇستەم بەگلەرنى بورۇن قىلىپ، دادامنى تۇتۇپ بېرىشكە قىستىغان. نەتىجىدە، ئۇلار قول ئاستىدىكى دوغا - ياپىلىرىنى تەرەپكە چاپتۇرۇپ، ئاخىرى «خان توغرىقى» دېگەن يەردىن دادامنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. بىز زار قاخشاپ قېلىشتۇق. دادامنى شەھەرگە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، جىياۋ تۋەنجاڭ شەھەرنىڭ گۈلباغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا (سېپىل تۈۋىدىلا) قول ئاستىدىكى دىلى فۇگۇەن (دىلى شىخەن) دېگەنگە بۇيرۇتۇپ، قىلىچ بىلەن چاپتۇرغان. باش تولۇق ئۈزۈلمەي بوغدىيىكى تەرەپتىن سۆڭەك ئارىلاش تېرە ئازراق تۇتۇپ قالغان. گومىنداڭچىلار شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ، سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. دادام قىينىلىپ جان ئۈزگەنلىكى مەلۇم. بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، قورقۇپ ۋاقتىدا بارالمىدۇق، چۈنكى جىياۋخەنچىڭ تېخى قەتلىئامىدىن قول ئۈزمىگەنىدى. ئىككىنچى كۈنى كېچىدە دادامنىڭ ئاغىنىلىرى بېرىپ جەسەتنى يۆتكەپ قارا ياتاققا ئېلىپ چىققان. بىز ئۇ چاغدا «خان توغرىقى»دا بولغاچقا، جەسەت چىرىپ قالمىسۇن دەپ، بىزنى كۈتمەيلا يەرلىكىدە قويۇۋەتكەن (جەسەتلەرنى كۆرگەنلەر ۋە ئېلىپ چىققانلارنىڭ ئېيتىشىچە، دادام جادۇدا توغرالماستىن ياكى دارغا ئېسىلماستىن بەلكى قىلىچ بىلەن چېپىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ جادۇ ئېغىر، يۆتكەشكە ئەپسىز بولغاچقا، جادۇ بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان جازالار كۆپىنچە سېپىل ئىچىدە، مەيدانىدا ئىجرا قىلىنىدىكەن.

دادامنىڭ تۆپرىقى ھېلىمۇ قارا ياتاقتىكى جامائەت قەبرىستانلىقىدا. ھازىرغىچە، ھەر يىلىلىق ھېيت - ئايەملەردە چىقىپ قەبرىنى يوقلاپ، روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تۇرىمىز.

# نەسىرلەر

## تۇرگېنېۋ [روسىيە]

—«شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەتىرگۈل...»

بۇنىڭدىن خېلى مۇقەددەم، قەيەردىدۇر ھەم قايسى جايدىلىكى ئېسىمدە يوق. بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇغانىدىم. بۇ شېئىر ئېسىمدىن تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ بىرىنچى مىسراسى ھېلىھەم يادىمدا:

«شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەتىرگۈل...»

زىمىستان قىش كۈنلىرى ئىدى، قاتتىق سوغۇقتىن دېرىزە ئەينەكلىرى قىراۋ باغلاپ كەتكەنىدى؛ قاراڭغۇ ئۆيدە بىر تال شام خىرە - شىرە يورۇپ تۇراتتى. مەن بولسام ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغانىدىم. كاللامدا:

«شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەتىرگۈل...»

دېگەن بۇ بىر مىسرا شېئىر جاراڭلىماقتا ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ شەھەر سىرتىدىكى بىر رۇس ئۆيىدە، يەنى پاكار دېرىزە تۈۋىدە تۇرغانلىقىمنى كۆردۈم. ياز كۈنلىرى ئىدى، تۈن پەردىسى ئاستا - ئاستا چۈشمەكتە ئىدى؛ ئىللىق ھاۋادا شەرقىي شىمال لىپاسى بىلەن ئوسما نەشتۈس گۈلىنىڭ ھىدى كېلەتتى. دېرىزە ئالدىدا بىر قىز ئولتۇراتتى، ئۇ، بىر بىلىكىنى سۇنغىنىچە دېرىزە تەكچىسىنى تىرەپ تۇراتتى، ئاسماندا تۇنجى تۈركۈمدىكى يۇلتۇزلارنىڭ چاقنىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بېشىنى قىسايتقىنىچە، ئۈن - تىنسىز ھالدا ئاسمان قەرىگە تىكىلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرىدىن ساداقەت ۋە ھېسسىيات نۇرلىرى چاقنايتتى. بىر ئەرسىنى سورىماقچى بولۇپ سەل ئېچىلغان ئېغىزى شۇنچە تەسىرلىك ھەم شۇنچە مەسۇم ئىدى. قىزنىڭ ئەزەلدىن داۋالغۇپ باقمىغان ھەم تېخى تازا تولۇپ يېتىلمىگەن كۆكسى، ئۇنىڭ نەپەسلىنىشىگە ئەگىشىپ، بىر ئۆرلەپ بىر پەسىيەتتى. ئۇنىڭ بەرنا چېھرىدىن سەممىيلىك، ئىللىقلىق چىقىپ تۇراتتى! مەن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. لېكىن، ئۇنىڭ شۇ قەدەر سۆيۈملۈكلىكى قەلبىمنى ئەسىر قىلغانىدى!

«شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەتىرگۈل...»

ئۆي بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى، كۆيۈپ تۈگەي دەپ قالغان شامدىن پاراسلىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. تەۋرىنىپ تۇرغان كۆلەڭگە پاكار ئۆينىڭ تورۇسىدا ئەگمەكتە ئىدى. سىرتتا زىمىستان سوغۇق ھۆكىرەپ ھەيۋە قىلاتتى. ۋاھالەنكى، بۇ چاغدا ئاچايىپ زېرىكىشلىك زەئىپ بىر ئاۋاز - بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

«شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەترىگۈل...»

كۆز ئالدىمدا بەزى ئوبرازلار زاھىر بولماقتا... مەن، سەھرادىكى ئائىلىۋى تۇرمۇشىدىكى شاۋقۇن - سۈرەنلەرنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بىر جۈپ بېغىررەڭ چاچ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن. ياش تۆكۈلۈۋاتقان ئىككى جۈپ كۆز، مەغرۇرانە ھالدا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. ئاناردەك چىرايلار، كۈلكىنى بېسىش ئۈچۈن، تىترىشىپ تۇرۇشماقتا. بىلەكلەر ئامراقلىق بىلەن بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈمىد ناخشىلىرى ئۆز ئارا ئۆكسۈپ قالاتتى. سەل يىراقتىراق، يەنى ئازادە ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدە يەنە بىر جۈپ نەۋبەرقول كونا پوسۇندىكى پىيانونىڭ بارمانچۇقى ئۈستىدە تېز سۈرئەت بىلەن ھەرىكەتلىنەتتى. بارماقلار بارمانچۇق ئۈستىدە تەمتىرەيتتى، - رەننانىڭ ۋالىس مۇزىكىسىنىڭ ساداسى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان ساماۋەرنىڭ بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقان ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەلمەيتتى.

« شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەترىگۈل ... »

... شامنىڭ يورۇقى بارغانسېرى خىرەلەشمەكتە ... شام ئاخىرى ئۆچتى... كىمدۇر بىرسى بوغۇق ھەم پەس ئاۋازدا يۆتەلمەكتە، مېنىڭ ئېيتىم ماڭا بىردىنبىر ھەمراھ بولماقتا ئىدى. ئۇ، تۆكۈلگىنىچە ئايغىم ئاستىدا تىترەيتتى... مەن مۈزلاپ كەتكەن ئىدىم... جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق دەستىدىن قېتىپ قالايلا دېگەن ئىدىم... لېكىن، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى... ئۇلار ئۆلۈپ تۈگىگەن.

« شۇنچە كۆركەم، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن ئەترىگۈل... »

## يازغۇچى بىلەن تەنقىدچى

يازغۇچى ئۆيىدىكى خىزمەت ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇراتتى. تۇساتتىن بىر تەنقىدچى ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى.

— نېمە؟ — دېدى تەنقىدچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن، — مەن ماقالەم بىلەن سىزگە قارشى تۇرغان بولسامۇ، بارلىق ئىلمىي ماقالە ۋە مەكتۇپلىرىم بىلەن سىزنى يوقىتا چىقىرىۋەتكەن بولسامۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ ھاماقەتلىكىڭىزنى، ھەتتا، مىللىي تىلىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىڭىزنى، بىلىمسىزلىكىڭىز بولسا سىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىڭىز ئىكەنلىكىنى، ۋالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە، قېرىپ ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلىغان بولسامۇ، بىراق، سىز يەنىلا ئىشتىياقىڭىز بىلەن يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپسىز - دە؟

— سىز، نۇرغۇنلىغان ماقالىڭىز بىلەن ماڭا قارشى تۇردىڭىز، بۇنىسى شەك-شۈبھىسىز. لېكىن، تۈلكە بىلەن مۈشۈك توغرىسىدىكى مەسەلدىن خەۋىرىڭىز باردۇ؟ تۈلكىنىڭ نەيرەڭلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇ، بەرىبىر قاپقانغا چۈشكەن. ئەمما، مۈشۈك بىر ئىرغىپ دەرەخكە چىقىۋالغان... ناھايەت، ئىت مۈشۈكنى تۇتالمىغان. مەنمۇ خۇددى ئاشۇنداق قىلدىم: مەن، بارلىق ماقالىڭىزنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە، كىتابىم ئارقىلىق سىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتىم. مەن، سىزنىڭ ئاشۇ سەگەك كاللىڭىزغا قىزىقارلىق

بىر قالپاق كەيگۈزۈپ قويدۇم، سىز ئۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا شۆھرەت قازىنىۋېرىڭ!

—كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىدا؟—دەپ قاتتىق كۈلۈپ سالدى تەنقىدچى،—گويا سىزنىڭ كىتابىلىرىڭىز كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالغاندەك! يەنە 40 يىلدىن كېيىن، كۆپ بولسا 50 يىلدىن كېيىن كىتابلىرىڭىزغا ھېچكىممۇ قاراپ قويمايدۇ!

— بۇ دېگەنلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى يازغۇچى،—شۇنداق بولسىمۇ مەن ئەلۋەتتە قانائەتلىنىمەن. ھومېر، ئۆزىنىڭ سىشتېيوسىنى مەڭگۈ ھالاك قىلىمىغانىدى. لېكىن، سىلەر يېرىم ئەسىرگىمۇ بارمايسىلەر، مەڭگۈ ياشايمىز دېسەڭلەرمۇ ئۇ، سىلەرگە مەنسۇپ بولمايدۇ. خەير خوش، ئەپەندىم. ئىسىم — شەرىپىمنى چاقىرىمىدىڭ، دەپ قالماڭ. بەلكى، چاقىرىش ھاجەتسىز — دۇ… مەن چاقىرىمىسام باشقىلار چاقىرار.

## مۇخبىر

ئىككى ئۇلپەتداش ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ چاي ئوتلىماقتا ئىدى. تويساتتىن، رەستىدە شاۋقۇن-سۈرەن كۆتۈرۈلدى. غەزەپلەنگەن، ئىگىرىدىغان، رەزىل تىللار بىلەن تىللاشقان، يىرگىنىشلىك كۈلۈشكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— ئاۋۇلار بىرسىنى ئۇرۇۋاتىدۇ،— دېدى ئۇلاردىن بىرسى دېرىزىدىن قاراپ،—گۇناھكارمىدۇ ياكى قاتىلمىدۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرسى، — مەيلى كىم بولسۇن، سوت كوللېگىيىسىنىڭ سورىقىدىن ئۆتكۈزمەي جازالاشقا بولمايدۇ. جۈرە، ناھەقچىلىق بولسا، بولۇشايلى.

بىراق، ئۇلارنىڭ ئۇرۇۋاتقىنى قاتىل ئەمەسكەن.

— قاتىل بولمىسا ئوغرىدۇ. ئىش قىلىپ ئۇنى توپ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقايلى.

— ئوغرىمۇ ئەمەسكەن.

— ئوغرى بولمىسا كاسىردۇر، تۆمۈريول خادىمىدۇر، ھەربىي ئېھتىياج خادىمىدۇر، روسىيە ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ھىمايىچىسىدۇر، ئادۋوكاتتۇر، ئاق كۆڭۈل مۇھەررىردۇر، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغۇچىدۇر… بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشەيلى!

— ياقەي… ئۇلارنىڭ ئۇرۇۋاتقىنى مۇخبىر ئىكەن.

— مۇخبىرنى ئۇرۇۋاتىدۇ؟ بولدى، چاينى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بىر نەرسە دېيىشەيلى.

## ئىككى باي

كىشىلەر، ماڭا ۋۇشىردىنىڭ سىجىللىقىنى تەرىپلەپ بەردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ غايەت زور كىرىمىدىن نەچچە يۈز مىليون يۈەننى ئاجرىتىپ، بالىلارنى تەربىيىلەشكە، بىمارلارنى داۋالاشقا، قېرىلارنى قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى ماختىدىم ھەم قاتتىق تەسىرلەندىم.

(ئاخىرى 31 — بەتتە)

# سوۋغات

(ھېكايە)

## جۇجە نېيەك

قىزچاق ھەدەپ ئايرۇپىلان كۈتۈشخانىسىنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرەتتى، ئايرۇپىلان ئۇچىدىغانغا يەنە يېرىم سائەتلا ۋاقىت قالغان بولسىمۇ، قىزچاق كۈتكەن يىگىتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

ئايرۇدرومدا لەيلەۋاتقان قىزىل بايراققا قاراپ، قىزچاقنىڭ چېھرىدە بەخت شادلىقى ئۇرغۇيتتى.

بۇ قىزنىڭ تالىيى كەلگەنىدى. ئۇ 23 ياش چېغىدىلا ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن چەتئەلدە ئوقۇيدىغان بولغانىدى. ئۇ ھازىرلا يات دۆلەتكە غەرب سانائەت ئىگىلىكىنى ئۆگىنىشكە ماڭاتتى. پاھ، بۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئامەتتە! بىزنىڭ بۇ نامرات دۆلىتىمىزدە قانچىلىك ئادەم مۇنداق ئامەتكە سازاۋەر بولالايدۇ،

سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، كىشىلەر قىزچاقنى ئۇزىتىش ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشكەن ھەم ئۇنىڭغا تۈرلۈك سوۋغا - سالاملار ھەدىيە قىلىشقانىدى. كاشكى بۇ سوۋغاتلارنىڭ بىرەرسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەلىسۇنچۇ، چۈنكى بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە يىگىتنىڭ سوۋغىتى يوق ئىدى.

قىزچاق چەتئەلگە چىقىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنلەردە، يىگىت بىر تۈرلۈك لايىھە بىلەن ھەپىلىشىپ چاڭقۇرۇن بولۇپ كەتكەچكە قىزچاق بىلەن پاراڭلىشىشقا چولىسى تەگمىگەنىدى، بۇ تۆت يىللىق ئايرىلىش بولغاچقا، ئايرىلىشتىن ئىلگىرى دېيىشىدىغان گەپ سۆزلىرىمۇ كۆپ ئىدى، لېكىن يىگىت قىزغا:

— مەن سىزگە بىر تۈرلۈك سوۋغات بەرمەكچىمەن — دېگەن گەپنىلا قىلغانىدى.

«بەلكىم، ئۇ ھازىر ماڭا سوۋغات تاللاۋاتقان بولسا كېرەك! ئۇ نېمە ئالار؟ پەستىدىن بىرنى ئالارمۇ، ئۇ مېنىڭ ئىت يىللىق ئىكەنلىكىمنى بىلەمدۇ ياكى ئالتۇن ئۈچلۈق قەلەم ئالارمۇ؟ ياق، ئۇ ھەر يىلى دېگۈدەك ماڭا بىر تالدىن ھەدىيە قىلىۋاتقان تۇرسا؛ چىرايلىق كۆينەكچۇ؟ بۇنىڭمۇ ئانچە ئەھمىيىتى يوق ...» قىزچاق كۆڭلى پەرىشان ھالدا قىياس قىلاتتى.

مانا يىگىتىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئايرۇپىلان ئۇچۇشتىن بەش مىنۇت ئىلگىرى يېتىپ كەلگەنىدى.

— يا ئاللا ئەجەبمۇ ساقلاتتىڭىزغۇ، مەن تېخى سىزنى كەلمەيدىكەن دەپتىكەنمەن، — دېدى قىزچاق بىر ئاز خاپا بولغاندەك قىزىرىپ.

— مەن ... ئۆيدە بىر نېمە ئاقتۇرۇپ...

— نېمە ئاقتۇردىڭىز؟

— سىزگە بېرىدىغان بۇ سوۋغاتنى ئاختۇرۇپ، — يىگىت قولىدىكى كونۋېرتنى قىزچاققا سۇندى.

(ئاخىرى 95 - بەتتە)

# شېئىرلار

## ئىبراھىم قۇربان

### ئۈمىد

ئەي ئىگەم قىلساڭ ئىدىڭ بىر جان ئاتا،
مەن ئۆلۈپ مىڭ يىل كېيىن جىسمىمغا سەن.
قايتىدىن تۇپراق ئانام تۇغسا مېنى،
ھەم كېيىن بولساڭ ئىدىڭ رىسقىمغا سەن.

گەر قانات بەرسەڭ يەنە سەيلانىگە،
بىر ئۆمۈر تۇتسام ماكان خانتەڭرىدە.
بايقىسام شۇ چاغدىكى كىم ـ كىملىنىڭ،
بارلىغىن كەلگۈسى ئەۋلاد قەلبىدە.

بايقىسام شائىر، ئەدىب، شاھلارنىمۇ،
بايقىسام باي ھەم بېخىل زاتلارنىمۇ.
بايقىسام مەن ـ مەن دېگەن «مەرد» لەربىلەن،
بايقىسام پەيلى يامان ياتلارنىمۇ.

### خەت يېزىپسەن

ئامرىقىم دەپ بىر تاتلىق خەت يېزىپسەن،
راستىلا يوقمۇ ئامرىقىڭ مەندىن بۆلەك؟
تەنھا بولسام قەلبىمدە سەن دېگەندەك،
زادى قانداق چىدىدىڭ كۆيسە يۈرەك.
مىڭ تەسلىكتە ئېسىمدىن چىققان ئىدىڭ،
ياد ئەيلىدىڭ نېمىشقا يىللار ئۆتۈپ.
ھېچ كىشىگە كۆرسەتمەي روخسارىڭنى،
تۇردۇڭمۇ يا شۇڭغىچە مېنى كۈتۈپ.
ياكى ئاددى چاغلامسەن مۇھەببەتنى،
كىم يادىڭغا يەتكەندە ئامرىقىم دەپ.
ياكى ئالداپ يۈردۈڭمۇ ئۆزگىلەرنى،
چىرايلىقىم، ھەمدىمىم ئاپپىغىم دەپ ؟!

### بىر كۆرگىنە

(ناخشا تېكىستى)

نىيەت قىلساڭ قەدىردانلار،
ئۇچتۇرپاننى بىر كۆرگىنە.
شېھىت بولغان يەتتە قىزىم،
باغرى قانىنى بىر كۆرگىنە.

رەھمىتۇللا پەھلىۋاننىڭ،
مازارىنى بىر كۆرگىنە.
ئەسمىتۇللا جانىجاننىڭ،
دىيارىنى بىر كۆرگىنە.

نامى مەشھۇر مۆلجەر تاغنىڭ،
دىيارىنى بىر كۆرگىنە.
توققۇز بۇلاق سەيلىسىنىڭ،
باھارىنى بىر كۆرگىنە.

بۇگۈن خانتەڭرىدە مەرىكە،
كېلىڭلار دوست ـ قەدىردانلار.
پەرزاتلار ماكانى بۇ،
سۆيۈنسۇن، يايرىسۇن جانلار.

ۋاۋابىنى سازلىدى تارىم،
جاراڭلار داپ تىميانشاندىن،
دۇتتارنى ئالىملىق ئالدى،
پاھېرىنىڭ نەيلىرى ئاندىن.

كېزىپ چۆل ـ دەشتىنى پەرھات،
شېرىننى ئويلىغان يۇرت بۇ.
ئۆلۈم كىردابىدا تاھىر،
زۆھرەگە تويىغان يۇرت بۇ.

## ئەزىم توشقان

(ناخشا تېكىستى)

باغاشلاپ گۈل دىيارىمىنى ،
ئاقار ھەيۋەت ئەزىم توشقان .
نىگان ئىچكەن كىشى دەرلەر ،
سۈيىگە كىم ناۋات قوشقان .

ئۇلۇغ خانتەڭرىدىن تامچىپ ،
ئېقىن بولغان ئىپار دىسەن .
سەپەر قىلغان سادا بىرلە ،
جېنىمغا جان ـ شىپار دىسەن .

جانانىدەك لەۋلىرىڭ غۇنچە ،
جۇلالىق زەپ زىناقىڭ بار .
نەزەر سالغان ئۇزاقلارغا ،
كۆزى ئويغاق بۇلاقىڭ بار .

## يار كەلگەندەك

(ناخشا تېكىستى)

گۈلشەن بېغىمنى كۆرگىلى ،
تاڭلا سەھەر يار كەلگۈدەك .
شەھلا كۆزىنى ئوينىتىپ ،
مەستانى دىلدار كەلگەندەك .

خۇشخۇيلۇقۇم ، چىراي ىلىقىم ،
شاھى سەنەم يار كەلگۈدەك .
بەرگى قىيا قتەك بەللىرى ،
گۈلشەنگە خۇشتار كەلگۈدەك .

مەڭزى قىزارغان ئالمىدەك ،
جىسمى باھار يار كەلگۈدەك ،
ئىشقى ئوتۇمنىڭ تەپتىدە ،
يۈرىكى مىنىڭ پار كەلگۈدەك .

## ئۈچتۇرپاننىڭ ئالمىسى

(ناخشا تېكىستى)

رەڭگى قىزىل شەپەقتەك ،
ئۈچتۇرپاننىڭ ئالمىسى .
قىز مەڭزىگە ئوخشايدۇ ،
ئۇنىڭ ھەر بىر دانىسى .

تەمى تاتلىق شەربەتتىن ،
يېسە كېلەر يېگۈسى .
خىزىر دىدىمۇ سېخىدۇر ،
ئالمىلىق باغ ئىگىسى .

بۇ ئالمىنى قىزىدىماس ،
يىگىت ـ قىزنىڭ ھەر دىكىسى .
سوۋغات قىلار ھەر كىشى ،
بولسا ئەگەر سۆيگۈسى .

## ئۆچ شېئىر

### مۇختەر داۋۇت

#### مەغرۇرلۇق ئەقىدەم

ھەسەت قىلما مەغرۇرلۇقۇمغا ،
پىتنە ـ پاسات تېرىدىپ ھەر يەردە .
ماڭا قۇل بول مەغرۇر ياشىشىنى ،
خالىمىساڭ ئۆزەڭ ئەگەردە .

كۆز ئاچقانىمەن مەغرۇر يىللاردا ،
غالىپ تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمدا شاھ .
ئەزلىمە يەمەن چاشقانلار كەبى ،
تۆشۈكلەرنى ساراي دەپ پاناھ .

كەمتەرلىكنى قىلىپ ھەمىنە پەس ،
ئىزدىنىشتىن ئالىمەن ھوزۇر .
ئەمما باشلىق، سۆلەتمە تىلەركە ،
خۇشامەتنى ياقىلماس غۇرۇر .

ئېگىلگە نگە ئېگىلىمەن خاس ،
مېھنىتىمدىن ئەل كۆلسە خۇشال .
كىم قەددىمنى زورلاپ ئېگىشنى ،
نىيەت قىلسا، ئۇ بولار ئوسال .

مەن تىكلەيمەن مەغرۇرلۇقۇمدا ،
ئەجدادلارنىڭ پۈككەن قەددىنى .
قالدۇرىمەن ئەۋلادلار ئۈچۈن ،
مەغرۇرلۇقتا يۈكسەك پەللىنى .

## ئوۋچى مىسرالار

يۈرۈكۈمنى ئېلىپ كېتەر چۈشۈمدە،
ئويناتقىلى جەننەت قىزى، — غىلمانلار.
جەسىتىمنى سۆرەپ ماگار دوزاققا ،
يۈرەكسىز دەپ ئازدۇرغان چە شەيتانلار.

ئاخشاملىرى ئاي ئۇخلايدۇ قوينۇمدا ،
تال — تال نۇرى جىسمىم ئارا تارىلىپ.
ھېس قىلىمەن: ئۈزمەكتىمەن كۆكتە دەپ،
قەلبىم ئارا نازۇك تۇيغۇ يارىلىپ.

كۆزلىرىڭنى ئوخشىتىمەن بۇلاققا ،
مۇھەببەتنىڭ مۇڭلىرىغا ئورالغان.
ئۆچەي دەپتۇ ئۇنىدىن ئۈمىد نۇرلىرى،
قايسى نامەرد يۈرىكىڭگە دەرت سالغان؟

ئۆتۈپ بارسا ئۇچقۇر شامال غۇيۇلداپ ،
ئېيىسپلايدۇ كۈللەر ئۇنى يۈزسىز دەپ.
ئەمما ئۇمۇ سەرسان سۆيگۈ يولىدا ،
نىگارىنى ئىزلەپ بارار ئېسە دەپ.

بۇلۇتلارنى ياستۇق قىلىپ چوققىلار،
قويغىنىدا ئۇيقۇغا باش ھالسىراپ.

تۈن ئىلاھى قارا لىباس ياپارمىش،
زېمىن ئەمدى قاراۋۇلسىز دەپ ئالدىراپ.

قۇياش كۆلگە بەرسە پۈتۈن ئۆزىنى ،
نۇرلىرىنى بەخشەندە قىپ قايتىلاپ.
خۇشاللىقتىن تەۋرەپ كېتىپ شاللاق كۆل،
قايتۇراركەن بىزار قىلىپ پارچىلاپ.

شاۋقۇنلىغان دەريا ئۈچۈن يېزىلدى،
بويلىرىدا يېشىل بوستان قەد كەركەن.
دەپ قەسىدە، ئەستىن چىقىپ قالغانمۇ،
زادى نېمە دولقۇنلارغا سىن بەركەن؟

## ئويلىما چىرايىنىڭ قۇلى دەپ مېنى

بىلىمەن چىرايىڭ گۈزەل شۇ قەدەر،
ھەممىنى رام قىلار بىر دەك دىلرابا .
بىل چوقۇم قەلبىڭنى يەتتىم چۈشىنىپ،
شۇ سەۋەب ئەمدى مەن ساڭا بىپەرۋا.

ئىككە نمەن ئىلگىرى ئۆزەم ئەقلسىز،
ئەقىللىق بولغىنىم ساڭا بەك ئۇۋال.
چۈنكى سەن سۆيگۈمدىن قىلىپ مۇستەسنا ،
ھىجراندا بىر نۆۋەت بولۇرسەن ئوسال.

ئويلىسام ئىلگىرى ساڭا ھەمرا بوپ،
ئويلاپ ھەم سېنىلا كۈندۈز ۋە ئاخشام.
شۇنچە كۆپ ۋاقتىمنى بىكاردىن — بىكار،
پەقەت سەن ئۈچۈن قىپتىمەن ھارام.

يول تۇتتۇم باشقىچە ھايا تلىقىمدا،
ئۆتكەننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن.
گۈزەللىك يارىتىپ ئىلىم كۆزىدە،
چىن ئادەم بولۇشنى كۆزلەپ بىر پۈتۈن.

مەيۈسلۈك كۆزۈڭنى تىكمىگىن تەكرار،
مەڭگۈلۈك ئۇنتۇيمەن ئەمدى مەنسېنى.
«بىر قېتىم ئاش پىشار ياغاچ قازاندا»،
ئويلىما چىرايىنىڭ قۇلى دەپ مېنى.

## ئالمىنى

### مەھەممەد ئىمىن غوپۇر شەيدايى

(شائىر ئەرشىدىن ئاتىلىقىنىڭ شۇ ئاتىلىق غەزىلىگە مۇخەممەس)

سەيلىچۈن قىلدىم سەپەر، تۈندەپ، نىيەت - ئىقبال مېنى،
مەنزىلىمدە جەلپ قىلدى بىر باغى نىھال ① مېنى،
دېدى: باغۋەن — مەرھابا، خوش قىلدى تۇشبۇ ھال مېنى،
مېۋىلىنىك باغقا كىرىپ كۆردۈم چىرايلىق ئالمىنى،
ياپراق ئارا جىلۋىدە ئەيلەر گويا دېگەندەك «ئال!» مېنى.

بۆك - باراقسان بۇ باغ ئىچرە ھەممە رەت سالا - سالا،
مېۋىلەر كۆز چاقنىتار ھېچبىر يېرى ئەمەس ئالا،
ئۈزۈم، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئەنجۈر، ئالما، ئانار، ئەينۇللا،
شاخلىرىدا تۇرغىنىنىڭ سانى يۇلتۇزدەك تولا...
«قىلمىدى بوزەك» دېگەندەك، ئۈششۈك، قۇرۇت، ھال، مېنى.

جانغا راھەت بۇ باغ ئىچرە مېۋە شۇنداق خىلمۇ - خىل،
ئىختىيارسىز تارتىدۇ بۇ باغقا ھەر نەپەستە دىل،
بىر كىرىپ باغى ئىرەمگە بولدۇم جان دىلىدىن ئىجىل،
مەي بولۇپ پىشقان ئاپۇرت، لىمۇنى ياغدەك ئېپىسىل،
تۇرلىرىنىڭ خىللىرى ساناتتى ئەللىك تال مېنى.

پىچىرلىشار ھەممە مېۋە «شۇنچە شېرىن، تەمىمىز...»
تەنگە قۇۋۋەت، جانغا راھەت مۇشۇ تۇرغان ھەممىمىز؛
پاك مۇھەببەت شەربىتىدە سۇغۇرۇلغاچ قەلبىمىز،
ھەممىمىز مۇ شۇنچە كۆركەم، دېدى گۈلدەك رەڭگىمىز،
سۆيگىنىڭگە سوۋغا دەپ ئۈزگىن قويۇنغا سال مېنى.

بىزنى شۇنچە شېرىن ئەتكەن باغۋەننىڭ مېھنىتى،
(تۈننى كۈندۈزگە ئۇلاپ، قىلغان جاپالىق خىزمىتى)،
ئاشتى بۈگۈن بارچىمىزنىڭ قىممىتى ھەم ئىززىتى،
قىز - يىگىتلەر بەزمىسىدە داستىخاننىڭ زىننىتى،
ياشىرار يېسە يۈرەكى توقسانغا كىرگەن چال، مېنى.

بارچە خەلق ئىپتىخارىم ئالدىدا بىززەپ ئېزىز،
ماختىشار قېرى ۋە ياش، ئەر ھەم ئايال، ئوغۇل - قىز،
تازا يەتكەچ ۋايىمىزغا تۈگەپ پۈتمەس جىلۋىمىز،

① باغى نىھال — ياش كۆچەتلىك باغ.

شەرتىمىز تىلىنى يارار شەنىمىز قەندىن لەزىز،
بىر قېتىم كۆرسە كېتىپ تاڭ قالۇرلەر بال، مېنى،

ئەشۇ چاغ كۆڭلۈم قۇشى باغ ئاسمىنىدا لەيلىدى.
ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار قۇردىنى بىر تىزىشنى پەملىدى،
كۈل چېچەك ھەم مىبۇدلەرمۇ ياز پەيزىنى كۈيلىدى،
ھىدلىرى ئەترابىنى قاپلاپ دىماقنى خۇشبۇي ئەيلىدى،
زوقى كۆڭلۈمنى ئېچىپ، قىلدى ھەيران، لال، مېنى.

قىزىدى جانغا ھوزۇر باغ سەيلىسى بەس ـ بەس بىلەن،
ئۈزۈۋالدىم بىلىكىمگە لالىنى ـ نەركەس② بىلەن،
قالدى شەيدايى بۇ باغنى كۈيلەپ مۇخەممەس بىلەن،
سەيلە قىلدىم مەن خۇشال باغ ئايلىنىپ ھەۋەس بىلەن،
قايتىشىمدا شۇ سۆپەت كۆردۈمكى ھۆردەك ئالىمنى.

## ئۈچ شېئىر

### خانئايىم ياقۇپ

### شەپقەتچىگە

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۇيغۇر مىللىي شىپاخانا تاشقى كېسەل بۆلۈمىدىكىلەرگە بېغىشلايمەن)

بىمارلارغا غەمگۇزار، ئاق خالاتلىق ئاق جەكچى،
مېھنىتىڭدىن ھاياتلىق ئاچار نىجاد يولىنى.
قەلبىڭ ھوزۇر سېزىدۇ ــ بىمارلارنىڭ ئىشقىدا،
سەن شەپقەتلىك چەۋەنداز، سەن ھاياتنىڭ دۇلدۇلى.

ئىپار نېمە، ئەپتىڭدىن دورا ھىدى پۇرىسا،
دەريا ـ دەريا مۇھەببەت ئاقار ساڭا دولقۇنلاپ.
بىمارلارنىڭ قاراڭغۇ دىللىرىنى يورۇتقاچ،
ئۇرار رەھمەت-تەشەككۈر ساڭا مەڭگۈ ئۇچقۇنلاپ.

ئىللىق باھار خىسلىتىڭ، رەڭدار چېچەك گۈزەل باغ،
ياشلىقىمغا تۇتقازدىڭ بىر قۇياشلىق ئارمانىنى.
ئەشۇ خىسلەت، ئەشۇ روھ بىر ئەزگۈنىڭ چوققىسى،
ئاي ئاتلايمەن شۇ روھتا، ئېچىپ قانچە داۋانىنى.

② نەركەس ــ نەرگەز گۈلى.

## ئەقىل تاپىسەن

كىرپىك قاقماي تۆككەن قەترىلەر،
ئۇرۇن ئالسا گېزىت بېشىدىن.
سەكرەپ كېتىسەن خۇددى بەرگىدەك،
ئىچىڭ تارلىق ئېشىپ چېكىدىن.

ھودۇقمايمەن، سۆزلىگەچ راسنى،
غەۋغا سۆزىدىن پەرۋايىم پەلەك.
سەن تىللىساڭ تىللاۋەر، مەيلى،
شېئىرىم خەلققە يېقىپتۇ دېمەك.

سىلاتقۇزما ساغراقنى دائىم،
ياماڭ سۆزلۈك تەنقىدتىن قورقساڭ.
ئاسىردىغىلى چىقمايدۇ كىشى،
خانەڭ ئىچىدە ئاھ ئۇرۇپ ياشىساڭ.

رەنجىمەيمەن تىللاشلىرىڭدىن،
ياخشى دەيسەن ئۆزەڭگە ئېلىپ.
ئاچچىق شېئىر «ئەقىل تاپتۇرار»
گەر چۈشەنسەڭ تېگىگە يېتىپ.

## مەن ياشايمەن

بىر ئۆمۈر مەن ياشىدىم ھەم ياشايمەن،
غايەم ئۈچۈن يىللار بىلەن چېلىشىپ.
كۆل بەختىمنىڭ شاملىرىنى ئۆچۈرگەن،
مۈشكۈل ئاتلىق پەسكەش بىلەن ئېلىشىپ.

ھاياتىمدا نەچچە بولدى چۇقانلار،
گاھى چۆلدە، گاھى كۆلدە تەۋلىشىپ.
غەيرىتىمنىڭ قامچىسىدۇر شىجائەت،
بارماقتىمەن ئۈمىد بىلەن قوغلىشىپ.

دىل قۇياشىم كۈندۈزدىمۇ، تۈندىمۇ،
ھەمراھ ماڭا، تىنماي ئىلھام بېرىدۇ.
يىراق چۆلدە كۆككۈم بىلەن ئېلىشسام،
يېڭىلمەس كۈچ،
قالقان بولۇپ كېلىدۇ.

مەن ھاياتتا ھېچ يىگانە ئەمەسمەن،
دىل قۇياشىم — شىجائەتلىك خەلقىم بار.
ياشىغىنىم — ئەل بەختى ھەم غەلىبە،
كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ۋە ھۆر تەختىم بار.

# سەھەردىكى ئۆتكۈنچى شامال

### تۇردى نىياز

سۆگەتلەرنىڭ نازۇك شېخىنى،
ئۇسسۇللارغا سېلىپ ئۆتىسەن.
يۇمران، يېشىل يوپۇرمىقىنى،
قانماي — قانماي سۆيۈپ ئۆتىسەن.
قانماي — قانماي سۆيۈپ ئۆتىسەن،
ئۇزاق ئۆتمەي يىراق كېتىسەن.
شاخ — ياپراقلار قالار سۇكۇتتە،
شۇ مېڭىشتا نەگە يېتىسەن؟
شۇ مېڭىشتا نەگە يېتىسەن،
بىلسەم، قانات ياساپ ئۇچىسەن.
مەجنۇنتال يا گۈللەر تەرەپكە؛
بېرىپ، ئۇنى مەھكەم قۇچىسەن.

قۇچاقلايسەن شېخىنى ئېگىپ،
ھايال ئۆتمەي يەنە ئۇچىسەن.
گۈللەر قالار بېشىنى ئېگىپ،
سەن نەگىدۇر بېغەم كۆچىسەن.
سەن — تىنىمسىز، شۇنداق كۆچىسەن،
سەھەر ئۆتسە، سەنمۇ ئۆچىسەن.
سەن ئەرۋاھمۇ ياكى ئېزىدتىقۇ،
سۆيەلمەسەڭ نېچۈن قۇچىسەن؟
چىن سۆيمەسەڭ، نېچۈن قۇچىسەن؟
پەيدا بولۇپ، نېچۈن ئۆچىسەن؟
يا بارلا بول، يا يوقال پۈتۈن،
ياش جانلارنى ئېزىدتۇرما سەن!

# ھاياتلىق يولى

(ھېكايە)

تۇرغۇن ئىسلام

كورلا ۋاگزالىدىن چىققان پويىز تۈن قوينىدا ئاستا سىلجىماقتا. ۋاگون ئىچىدە ئورۇندۇقلارغا بېكىنىۋالغان كىشىلەرنىڭ ئۇگۇدەك باسقان چىرايىدا ئېغىر يول ئازابى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھارغىنلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

كېچىنىڭ سەلكىن شاماللىرى ئىچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن يېنىك ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ ۋاگون ئىچى يەنىلا دىمىق، تىنجىق ئىدى.

پويىزنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنىۋالدى. ئاندىن ئورۇق، مەينەت قوللىرى بىلەن چاپاق باسقان كۆزلىرىنى ئۇگۇلىدى. ئاچلىقتىن كۆكىرىغان قورسىقىنىڭ غەلۋىسىنى بېسىش ئۈچۈن كىرلىشىپ كەتكەن سېرىق شىمىنىڭ بېغىنى چىڭىتتى.

— «ھە تەڭگىنەي، پۇلۇم بولسىدى. ھە راسا بىر تويۇنۇۋالسام».

ئۇ تۈكرۈكىنى يۇتۇۋېتىپ قاتتىق ئورۇندۇققا مۈكچەيدى. يەنە بىر سائەت ئۆتتى. يەنە شۇ زېرىكىشلىك سەپەر...

ئۇنى يەنە ئۇگۇدەك بېسىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى. قورسىقىنىڭ قاتتىق ئېچىشى ئۇنى ھالسىزلاندۇردى، ھاردۇردى. ئۇ يا ئۇخلىيالمايتتى، يا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرالمايتتى. ئاخىرى ئۇ چىدىيالماي قالدى. ئورنىدىن ئاستا تۇردى-دە، دەرمانسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، ئىنسابلىق بىرسىدىن بىر نېمە تىلەپ يېيىش ئۈچۈن ۋاگون ئارىلىدى.

— ھەي، ماڭا قارىغىنا سېرىق چاپان!— بۇدرە چاچ، ئېگىز بويى بىر يىگىت ئۇنى چاقىردى.

ئۇ ئىتتىك مېڭىپ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق چىرمىۋالغان، ئۇنىڭدىن بىرەر ياردەمنى ئۈمىد قىلغانىدى.

ئۇ كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتتى. يىگىت ئۇنى ئىلىك ئالمىدى.

— تىلەمچىمۇسەن؟—يىگىت ئۇنىڭغا قىيا باقتى.

— ياق، سىزگە ئوخشاش تۇرمۇش - تاپاۋەت يولىنى ئىزدەپ چىققان سەپەرچىمەن.

— پۇلۇڭ كۆپ ئوخشىمامدۇ؟ نېمىشقا تىلەمچىدەك جۇلدۇر كىيىنىۋالدىڭ؟ مېنىڭچە، بۇ تۇرۇقۇڭ بىلەن تاپاۋەت يولىنى تاپالمايسەن.

— يوقسۇ، يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق. ئاچ قالغىلى ئىككى كۈن بولدى.

— ھىم، مۇنداق دېگىن، ئەمىسە قىدراپ يۈرگەن بىر لالىمىكەنسەن - دە؟

ئۈنىڭ ۋۇژۇدە ئاچچىقى كەلدى. يىگىتنىڭ سوغ تىگىشى ئاچ قورساق بالىغا خورلۇق تۇيۇلدى.

— لالما دېگىنىڭ قانداق كەپ، — دېدى بالىمۇ توڭلۇق بىلەن ھېلىقىغا بولغان ئىخلاسى قايتقان ھالدا، — ئاچ قالسامۇ كىشىگە زېمىنىم تەگمەيدۇ.

— ھا، ھا، ھا! زېمىنى تەگمەيمىش! لالىمىنىڭ.

بەزىلەر چۆچۈپ بۇ تەرەپكە قاراشتى. يەنە بەزىلەر تاتلىق ئۇيقۇسىنى ھارام قىلغان بەغەرەزگە ئالىيىشتى، قاقاشتى.

— پۇل تېپىشنى خالامسەن؟

— جان دەپ.

— ئۇنداقتا مەن بىلەن ماڭ!

يىگىت ئۇنى پويىزنىڭ ھاجەتخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئىشىكنى مەھكەم ئەتتى. غەيۇرنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچەيدى.

— قانداق، مەندىن ھۆنەر ئۆگىنەمسەن؟ يەنى «قىسىپ تارتىش» نى، كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان ھۆنەر بۇ، قورسىقىڭ توق، كىيىمىڭ پۈزۈر بولىدۇ.

يىگىت غەيۇرغا سىنچى كۆزىنى تىكتى. غەيۇر ھودۇقتى، قورقتى.

پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلدى.

— ياق - ياق، ھەرگىز!...

يىگىتنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى. چىرايىدا كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان غەزەپ ۋە ئاچچىق ئەكس ئەتتى.

— تىجمەل، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ھارامتاماق، نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ تاپقانىنى سىغدۇرۇپ بەرسەڭلا بولدى. يادىچۇققا ئۆزەم قول سالىمەن، سارالا قالغىنىنى بارا - بارا ئۆزەڭمۇ ئۆگىنىپ ئالىسەن—بولمىسا ئاچ قالىسەن، ئۆلىسەن!

— ياق! ئاچ قالسامۇ، ئۆلسەممۇ مەيلى، ھارامغا قول سوزمايمەن!

غەيۇر چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تۇتقۇچقا قول ئۇزاتتى. يىگىت ئۇنى سىلكىپ توختاتتى. مۇشتۇمىنى دېۋەيلەپ دوق قىلدى:

— قىلامسەن - قىلمامسەن؟!

— مەجبۇرلىيالمايسەن! — دېدى غەيۇر بىر ئاز جۈرئەتلىنىپ.

ئۇنىڭ كېپىنىڭ يېرىمى ئاغزىدا قالدى. يىگىت قاتتىق ۋە كۈچلۈك مۇشتۇمى بىلەن غەيۇرنى بىر قانچىنى سېلىۋەتتى. قورساقلىرى، باش - كۆزىگە ئايىماي دەسسىدى. قاتتىق تاياق زەربىدىن ئۈنىڭ ئۈنى ئۆچتى تاكى بىرسى ھاجەتخانىغا كىرمىگىچە ھۇشسىز ياتتى.

× × ×

ئادەم ياشىشى كېرەك. ياشاش ئۈچۈن ئىزدىنىش، ئىشلەش، تەر ئاققۇزۇش كېرەك. ئەلۋەتتە، ماڭلىيىدىن ئاققان ھەر بىر تەر دانچىسى ئۈنىڭ ھالال ھېۋىسىنى كۆرسەكىشى ئادەمدەك ياشىغان بولىدۇ.

غەيۇر بۇرۇندىنلا شۇنداق ياشاشنى نىيەت قىلغان. شۇڭىمۇ بۇ شەھەرگە قەدەم قويغان كۈندىن باشلاپ كىرىمى ئاز بولسىمۇ ھالال تېرىكچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. نومۇس، ئاھانەتكە قارىماي، ئاۋات كوچىلاردا، رەستىلەردە، كلۇب ئالدىلىرىدا چوكا مۇز، كېزىت ساتاتتى، ئېغىر ئەپكەشتە لاي توشۇپ توپا - چاڭغا مېلىنىپ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلىدى. سېسىقچىلىققا مېلىنىپ كەندە تارتتى. قىسقىسى، ھالال ھېسابلانغان ھەر قانداق ئىشتا كۈچىنى ئايىمىدى. ئۈچ ئاي تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. غەيۇر قاردىدى، ياداپ كۆزلىرى ئول—

تۈرۈشۈپكەتتى. لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئېغىر ئەمگەككە جىسمىنى كۆندۈردى.

بىر قېتىم غەيۇر قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتقان يېرىدە پويىزدا ئۇچراشقان ھېلىقى يىگىت بىلەن يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدى. يىگىت ئاجايىپ پۇزۇر كىيىنگەن بولۇپ ئاستىدا موتسىكلىت بار ئىدى. ئۇ غەيۇرنىڭ ئۈستى-بېشىغا بىر قۇر سوغۇق نەزەر سالغاندىن كېيىن زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى:

— قانداق، ھارامغا قول سوزمايدىغان باتۇر، ھالاللىق ساڭا نېمە بەردى؟ يەنە شۇ گەندە ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن قۇرۇتتەك يۈرسەنغۇ؟

— گەندە ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرسەممۇ نالىغىنىم يوق، — دېدى غەيۇر قەتئىي قىلىپ، — ھالاللىقنىڭ شېرىن تەمىدىن لەززەتلىنىپ يۈرۈۋاتىمەن.

— جۇلدۇر كىيىمىڭ، ئاچ قورسىقىڭ، بىچارە تەلەتىڭ ھالاللىقنىڭ شېرىن تەمىدىن لەززەتلەنگەنلىكىڭنىڭ ئىسپاتىمۇ؟ بۇنىڭ بىلەن نېمىگە ئېرىشەلەيسەن كاج ئېشەك! مەن بىلەن ماڭ، ئاتاڭ كۆرمىگەن دۇنياغا ئىگە بولىسەن!

— ياق.

— گەندىگە چۆكۈپ ئۆل ئىلاھىم! — يىگىت غەزەپتىن تاتىرىپ موتسىكلىتىنى ئارقىغا بۇرىدى.

— ياق، ئۆلمەيمەن! ياشاش ئۈچۈن تىرىشىمەن. تۇرمۇش بىلەن بەل تۇتۇشۇشۇم كېرەك!

غەيۇر ئاخىرقى سۆزىنى ئاجايىپ جاراڭلىق ئېيتتى.

× × ×

غەيۇر يالىنىپ يۈرۈپ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى سېزىپ بىرەر ھۈنەرنىڭ سېپىگە ئېسىلماقچى بولدى ۋە ئويلىنىپ كۆڭلىدە ئۆزىگە خاس پىلانلارنى تۈزۈپ، ئاشپەزلىككە شاگىرت بولۇپ كىردى. دۇكاندار ئوچۇق-يورۇق، كۆڭلى تۈز، ئاقكۆڭۈل كىشى بولغاچقا غەيۇرغا ئاتا ھېسابىدا بۆلەكچىلا كۆيۈندى. قولىقى يۇمشاق بۇ يىگىتكە بارلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ ئۇنى ئۇستا ئاشپەز قىلىش ئۈچۈن تىرىشتى.

كۈن ئۆلاپ، ئاي ئۆلاپ، يىللار ئۆتتى. غەيۇر قاتتىق قول ئۇستىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ھۈنەردە كامال تاپتى. ئۇنىڭ قورىغان سەي، سالغان لەغمەنلىرى خېرىدارلارنىڭ ئاغزىغا لەززەت بېغىشلىدى. ئۇستام ئۇنىڭدىن سۆيۈندى، ماختاندى. يۇۋاش، مۇلايىم، تىرىشچان، تەمبىھ تىلىك زېھنى كۈچلۈك بۇ يىگىتتىن كۆپ ئۈمىدلەرنى كۈتتى.

بىر كۈنى ئاشخانا تىنجىغان، خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەن چاغدا غەيۇر قايتىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ چۆپ سالدى. گۆش توغراپ، سەي قىلدى، ھەممە ئىش تاماملانغاندىن كېيىن ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا تاماق تارتتى.

— ئۇستام، ياخشى ئېتەلمىدىم. شۇنداقتىمۇ تەمىنى تېتىپ كۆرسىلە.

ئۇستام كۆڭۈلچەك شاگىرتىنىڭ بۇ ئىشىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ دىلى يورۇدى. كۆزى ھاياجاندىن نەمدەلدى:

— ماقۇل بالام، ياخشى كۆڭلۈڭگە ھەشقاللا! — ئۇستىسىنىڭ گۆشلۈك لەۋلىرى تىترىدى.

تاماق يېيىلىپ بولدى. ئەزەلدىن بىر تەخسىدىن ئوشۇق تاماق يېمەيدىغان ئۇستام بۈگۈن ئىككى تەخسىنى قۇرۇقدىدى.



— نېمە دېگەن مىزىلىك ئوغلۇم، تاماقىڭ ئېغىز قۇرۇپ تۇرىدۇ، كىشى بەكمۇ هوزۇر ئالىدۇ. بارىكاللا! مەنمۇ قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەلىگىدەكمەن.

غەيۇر قولىقىغىچە قىزاردى.

× × ×

ئىككى هەپتىدىن كېيىنكى چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى. ئاشخانا ئىچى خېرىدارىبىلەن تولغان. كۆتكۈچى يىگىت خېرىدارلارغا ئاش ئۇلگۇرتەلمەي بېشى قاتقان، تەرگە چۆمۈلگەن.

ئۇستام چېكىنىدىن ئاققان تەرنى يىڭى بىلەن سۈرتكىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەلدى. جىددىلىك قاپلىغان كۆزىدە خوشاللىق جىلۋىلىنەتتى.

— غەيۇرجان بالام، قېنىسەن؟ مەن بىلەن ماڭ.

ئۇ قازانغا چۆپ سېلىۋاتقان غەيۇرنىڭ قولىدىن تارتتى.

— نەگە ئۇستام؟ — دېدى ئۇستىسىنىڭ بالام دەپچاقىرىشىدىن دىلى سۆيۈنگەن غەيۇر شادلانغان ۋە هەيران بولغان هالدا.

— ئاۋات بىر جايدىن ئىجارە دۇكان تاپتىم.

— نېمىگە؟

— نېمىگە بولاتتى نادان بالا، كاتەك ساڭا كىچىكلىك قىلىدۇ. ئاشخانىدىن يەنە بىرنى ئاچىسەن، خېرىدارىڭ كۆپ بولغاندىن كېيىن زىيان تارتمايسەن، پۇل تاپمەن دەيدىكەنسەن سودىنىڭ ئېپىنى بىلمىسەڭ بولمايدۇ.

— دەسمىنىچۇ؟

ئۇستىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، يىرىنىك قاشلىرى ئاستىدىكى جىددى كۆزلىرىدىن خاپىلىق سېزىلدى.

— داداڭ بېرىدۇ. سەن دادىسى يوق يېتىم، مەن بالىسى يوق يېتىم، بىرىز — بىرىمىزنى يۆلىمىسەك، هەمكارلاشمىساق كىم

بىز ئىلىڭ قاچىمىزغا تەگكە تاشلاپ بېرەتتى، مالڭ، دۇكانلىنى كۆرۈپ كېلەمىز.

غەيۇر ئىشنى شاگىرت بالىغا تاشلاپ بېرىپ ئۇستام بىلەن چىقىپ كەتتى.

× × ×

يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، شاگىرت غەيۇر. مانا ئەمدى چوڭ خوجايىنغا — خېرىدارى ئۈزۈلمەيدىغان ئاشخانىنىڭ مۇستەقىل باشقۇرغۇچىسىغا، بانكىدا بىر قانچە تۈمەن پۇلى بار، ئۇستى بېشى يېڭى، مېھرى ئىسسىق، كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيلۇق بىر يىگىتكە ئايلانغانىدى. ئۇ باي بولدى، خۇددى ئۆزى ئېيتقانىدەك ھالال ئەمگەكىنىڭ مېۋىسىگە باي بولدى.

غەيۇر ئۇستىسىنىڭ قىزىغا تۇرۇشى بىلەن بىر نەچچە ئىلىڭ يۈەن خەجلەپ موتىسىكلىت سېتىۋالدى، لېكىن كېرىلىپ كەتمىدى، پۇل ئۇنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

بىر كۈنى غەيۇر موتىسىكلىتنى ئېلىپ ئۆيىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا چىرايىدا قان دىدارى يوق، يۈز-كۆزلىرىنى كىر باسقان، كىيىملىرى تىتىلغان، چېچى چۇۋالچاق بىرسى ئۇنىڭدىن پۇل تىلەپ قول ئۇزاتتى، تىلەمچى غەيۇرغا بىر قارىدى ۋە ھودۇققىنىدىن يەرگە قارىۋالدى.

— سەن!—غەيۇرنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچەيدى، غەزەپتىن قېنى قىزىدى، لېكىن ئۇنىڭ بېچارە تۇرقىغا قاراپ پەسكويىغا چۈشتى.

— نېمە؟ ھالىڭ خاراب كۆرۈنىدىغۇ؟

تىلەمچى غەيۇرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— ئۇكام، ئېيتىدىغىنىم، كىچىككىنە يۇقتۇرۇۋالغان ھۈنىرىمنىڭ كاساپىتىدىن تۈرمىگە كىردىم، خارلاندىم، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بىر پارچە نانغا زار بولۇۋاتىمەن.

غەيۇر ئارتۇقچە سوز قىلمىدى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، ئالدىدا تۇرغىنى گەرچە بىر ۋاقىتلاردا ئۇنى ئۇرغان، مەسخىرە قىلغان ھېلىقى يىگىت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى نامەرتلىك ھېساپلىدى:

— تۇر ئورنىڭدىن، يىگىت ئۈچۈن بىراۋنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشتىن ئارتۇق پەسكەشلىك بولمايدۇ.

تىلەمچى يىگىت ئاستا ئورنىدىن تۇردى، غىرىدىلىق، بىچارىلىق باسقان كۆزلىرىنى غەيۇرغا ئىلتىجالىق بىلەن تىكتى. گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ يېلىندى:

— ئۇكام، جېنىم ئۇكام، مېنى بىر قۇتقۇزساڭچۇ؟

غەيۇر ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، بىر ئازدىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— جان باقىمەن دەيدىكەنسەن، ھالال يولدا ماڭىسەن، ھۈنەر ئۆگىنىسەن.

— ھالال ھۈنەر!؟ — يىگىتنىڭ كۆزى چەكچەيدى.

— شۇنداق، ھالال ھۈنەر! قانداق، مەندىن ھالال ھۈنەر ئۆگىنەمسەن؟

— بولدى، جېنىمنى تىكتىم. قېنى ئۆتكەتكىن ئۇكام،—تىلەمچى يىگىت موتىسىكلىتنىڭ كەينىگە مېنىگەشتى.

# ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى ۋە سۇلتان مەخمۇد غەزنەۋى

ئىسلامجان شەرىپ

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىز ئىستېلاسىنىڭ تۇمانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران خەلقلىرىگە زۇلمەت قاراڭغۇسىنى ئېلىپ كەلدى. 1218- 1219 - يىللىرى چىڭگىز قوشۇنلىرى يەتتە سۇ ۋە هازىرقى شىنجاڭ رايونلىرىنى ئىگىلىگەن بولسا، 1220 - يىلى 3 - ئايدا سەمەرقەنتنى ئېلىپ، بۇ يەرلەردىكى 9 - ئەسىردىن تارتىپ دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا ئىلىم - پەننىڭ گۈللىنىشىگە تۈۋرۈك بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ۋەيران قىلدى. شۇنىڭدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىرانلاردا بارلىققا كەلگەن سامانىيلار خاندانلىقى (820 - 1000)، ئۇيغۇر قاراخانىيلار خاندانلىقى (876 - 1213)، ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (963 - 1186)، ئۇلۇغ سالجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقى (1037 - 1157)، خارەزىم شاھلىقى قاتارلىق كاتتا دۆلەتلەر ھەربىي يۈرۈش، دۆلەت باشقۇرۇش، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش جەھەتلەردە مەشھۇر مۆجىزىلەرنى يارىتىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گۈللىنىش دەۋرى» نى ئېچىپ، دۇنيا تارىخىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇپ مەدىنيەت يولىدا مېڭىشىغا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى ئەنە شۇ تۆھپىكارلىق بابىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان دۆلەت بولۇپ، مەخمۇد غەزنەۋىدەك ئۇلۇغ ھەربىي سەردار ۋە دۆلەت ئەربابى، بىرۇنىدەك تەڭدىشى يوق ئاسترونوم ۋە پەيلاسوپ، فىردەۋسىدەك ئۇلۇغ شائىر ۋە تارىخچىلارمۇ ئەشۇ دۆلەتتە يېتىشكەن. بۇ دۆلەتنىڭ دۇنيا تارىخىدا مۆجىزە يارىتىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم - پەن (ئەدەبىياتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) دە شۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئاساسلىقى مىللىي دۆلەتنىڭ تەشكىل قىلىنىشى، ئەرەب خەلىپىلىكىدىن نىسپىي مۇستەقىل تۇرۇشى، غەزنەۋىلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى، قاراخانىيلاردا قېلىپلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشى، دۆلەتنى مەمۇرىي ئىدارە قىلىشنىڭ مەركەزلىشىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ئورتاق تىلدا قويۇق مەدەنىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى ۋە مۇستەقىل تۇرۇپ پارس ۋە ئەرەب مۇسۇلمانلىرىدىن پايدىلىق مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئامىللار غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ دۇنياغا ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن مىللىي، مەدەنىي دۆلەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇ مەدەنىي دۆلەت سامانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇقىمسىزلىق ۋە سامانىيلار بىلەن قاراخانىيلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنىدى.

1

سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا پايتەخت بۇخارا بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكى بولمىدى. بۇنىڭدىن چەكمۇۋار تۈركلەر پايدىلىنىپ تۇردى. سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ھەقىقىي ئاساس سالغان ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى مەركىزىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جاپالىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارسىمۇ، بىر مۇنچە جايلار نامىدا ئۇ دۆلەت تەركىبىگە كىرگەندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇخارانىڭ بىر تۇتاش قوماندانلىقىنى ئالماي ئۆز رايونلىرىنى ئىدارە قىلدى. بۇخارا ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن، جايلارغا شۇ يەرلىك خەلقتىن ئەمىر تۇرغۇزغان بولسىمۇ، بۇ ئۇسۇل ئەمەلىيەتتە بۇخارانىڭ رايىغا قارشى نەتىجە بەردى. ھەربىي سەردار بولغان تۈركلەر يەرلىك فېئودالالارنىڭ بۇخاراغا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى كۆرەشلىرىدىن پايدىلىنىپ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇردى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارنى مۇستەقىل قىلىۋالدى. سامانىيلار مەركىزى بۇخارادا بۇنداق توپىلاڭ ۋە مۇستەقىللىقلارغا قارشى باستۇرۇشلار بولۇپ تۇردى. مەركەزگە قارشى توپىلاڭلار كۆپ ھاللاردا ئېزىلگەن ئەمگەكچىلەر بىلەن تۈرك سەردارلىرىنىڭ بىرلىكىدىن بولغاچقا، ئەمگەكچى خەلق ۋە تۈرك سەردارلىرى بىر تەرەپ، بۇخارا ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئىدى. سامانىيلاردىكى مانا مۇشۇنداق قوزغىلاڭلاردىن پايدىلىنىپ، سامانىيلارنى قارام قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان قاراخانىيلار سامانىيلارغا قارشى كۆرەشنى جىددىيلەشتۈردى. 904-يىلى سامانىيلاردا ئىچكى نىزا بولغانىدا، قاراخانىيلار خاقانى ئوغۇلچاق دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ سامانىيلارنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى بېسىۋالدى ھەمدە سامانىيلاردىن نارازى بولۇپ باشپانا ئىزدەپ كەلگەن ئەبۇ ناسىر سامانىينى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئاتۇشقا تۇرغۇزۇش ئارقىلىق سامانىيلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئىگىلىۋالدى. لېكىن، سامانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەۋرىنىش ۋە نىزاھلار تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. سامانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان ئىسمائىل ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىچكى قوزغىلاڭلار يەنىمۇ ئەۋج ئالدى. ئەخمەت ئىبنى ئىسمائىل (907-، 914-يىللاردا سامانىيلار تەختىدە ئولتۇرغان) نىڭ شىبىستاندا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلىڭىنى دەھشەتلىك باستۇرۇشى تۈرك نەۋكەرلىرىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆز قۇلى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر II (914-، 943-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە، كاتتا ئالىم ئابدۇللا ئىبنى ئەخمەت جەيھۇنى ۋەزىرلىك سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئەڭ زور ياردەملەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ناسىر II نىڭ جىيەن ئوغلى مەنسۇر ئىبنى ئىسھاق 914-، 915-يىللاردا سەمەرقەنتتە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان تۈركلەر ناسىر II نى يوقىتىپ پۈتكۈل سامانىيلار خاندانلىقىنى تارتىۋېلىش قەستىگە چۈشتى. ناسىر II نىڭ ئوغلى نوھ (ئەمىر نوھ) ئاتىسىغا قارشى رەقىبلەرنى يوقىتىپ، ئاتىسىنىڭ نەزىرىگە يولۇقۇپ تەختكە چىققان بولسىمۇ (ئەمىر نوھ 943-، 954-يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان)، بىراق ئىچكى نىزاھ ۋە قاراخانىيلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇرۇشلىرى تۈپەيلىدىن سامانىي

لاردا مالىيە قىيىنچىلىقى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەخت تالىشىش كۈرەش-
لىرى بارغانسېرى جىددىيلەشتى. مانا مۇشۇ چاقتا كەلگەندە، ھېچقانداق قىلىپ ئىشنى
ئەپلەشتۈرەلمىگەن سامانىلار پادىشاھلىقى خۇددى باغداتنى پايتەخت قىلغان ئاببا سىلار
خەلىپىلىكىگە ئوخشاشلا، دۆلەت ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ ئەسكىرى - ئەلەم ئىشلىرىدا ئومۇم-
يۈزلۈك تۈركلەرگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە قاراپ يۈزلەندى. سامانىلار پادىشاھلىقى قۇ-
رۇلۇشتىن باشلاپلا ئۇنىڭ ئەسكىرى قوشۇنىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسىمۇ تۈركلەر بولغا -
نىدى، بۇ چاقتا كەلگەندە بولسا، ئۇلار تۈركلەرگە تايىنىشتا ئاببا سىلاردىن ئېشىپ كەت-
تى. چۈنكى سامانىلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كەڭ رايونلاردىكى ئاھالە-
لارنىڭ تولىسى تۈرك ئىدى؛ خۇددى باغداتتىكىگە ئوخشاشلا، تۈركلەر سامانىلار ئارمىيىسى-
دە پەيدىنپەي قوماندانلىق ئورنىغا ئۆتتى ۋە بۇ ئارقىلىق مەمۇرىي ھاكىمىيەتنىمۇ تىزگىنلە-
ۋالدى، ئۇلار تەھلىكە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ناھايىتى تېزلىكتە بىر خىل خەتەرگە ئايلاندى»①
مانا مۇشۇنداق پەيتتە ئەمىر نوھ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان سامانىلار پادىشاھى
ئابدۇمالىك I (954-، 961-يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تۈركلەردىن قاتتىق قورقتى -
دە، چارە ئويلاپ سامانىلار پادىشاھلىقىنى تىنچىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ ئالدى بى-
لەن پايتەخت بۇخارادا تەسىرى ناھايىتى چوڭ تۈرك ئالىپ تېكىننى پايتەختتىن چىقى-
رىۋېتىش مەقسىتىدە خوراسانغا باش قوماندانلىق قىلىپ يۆتكىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئاتىسى بارقا تېكىن غەزنەگە ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەنىدى. ئالىپ تېكىن ئاتىسى
بارقا تېكىن ۋاپات بولغان ھامان خوراساننى تاشلاپ ئافغانىستاننىڭ سۇلايمان تاغ را-
يونىدىكى غەزنەنى ئىگىلەپ ئىسيان كۆتۈرۈپ غەزنە خانلىقىنى تىكلىدى. سامانىلارنىڭ
تۈركلەرگە تايىنىشى مانا مۇشۇنداق نەتىجىلىنىشكە باشلىدى. ئالىپ تېكىن ئۆلۈپ كەت-
كەندە، ئۇنىڭ ئوغلى ئىجەن تېكىن خان بولدى. 966 - يىلى ئىجەن تېكىن ئۆلۈپ كەت-
تى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىلاي خان بولدى. 976 - يىلى، ئالىپ تېكىننىڭ ئوغلى ئۇنىڭ كۈي-
ئوغلى سەبۇق تېكىن تەرىپىدىن قوغلاندى قىلىندى. سەبۇق تېكىن خان بولغاندا (976-997)
ئالايتلىق ئوغلى مەھمۇد بىلەن بىرلىكتە ھىندىستاننىڭ راجپورت پادىشاھلىقىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى ئىنئاقسىزلىقتىن پايدىلىنىپ نەچچە قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى - دە، نۇر-
غۇن جەڭ غەنىمەتلىرىنى ئالدى، ئارقىدىنلا پەنجاب رايونىدىكى جايپار پادىشاھلىقى-
غا ھۇجۇمغا ئۆتتى. مەھمۇد بۇ جەڭلەردە مۇستەقىل قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنى
يېتىلدۈردى، شۇنداقلا بىر دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش ۋە ئۇنى قانداق قوغداش ھەق-
قىدە خېلى يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. ئاتىسى بىلەن پەنجاپنىڭ پادىشاھى جايپارب-
دىن كابۇل قاتارلىق جايلارنى تارتىۋېلىشتا ماھارەت كۆرسەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دا-
دىسى سەبۇق تېكىن بىلەن بىرلىكتە غەزنە خانلىقىنى كېڭەيتىش ۋە بايلىق توپلاش بى-
لەنلا قالماستىن، بەلكى ئىسلام ئاچقۇچى شۆھرەتلىك ئەر بابقا ئايلاندى. دېمەك، ئابدۇ-
مالىكنىڭ سامانىلارنى تىنچىتىشتا تۈركلەرگە تايىنىش چارىسى

① نېمىس تارىخچىسى ۋىروكېلمان: «ئىسلام مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى تارىخى». خەنزۇچە نەشرى، 200-بەت

ئەكسىچە رول ئويناپ، ئاخىرى بېرىپ تۈركلەرنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا ئىمكان بېرىپ قويدى.

ئوغۇزلار قېنىمدىن كېلىپ چىققان ئالىپ تېكىن ئەۋلادىنىڭ سامانىيلارنىڭ ئىچىدىكى قىسمىدىن بۆسۈپ چىقىپ غەزنە سۇلتانلىقىنى قۇرغانلىقىنى تەبرىكلىگەن قاراخانىيلار خانى ھارۇن بۇغراخان 990 - يىلى ئەسكەر چىقىرىپ ئىسپىجاپ شەھىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سامانىيلارنىڭ مەركىزى بۇخارا ھەم سەمەرقەنتكە ھۇجۇم قىلىپ سەمەرقەنتنى بېسىۋالدى. قاراخانىيلارنىڭ سامانىيلارغا قاراتقان ھۇجۇمى غەزنەۋىلەر ئۈچۈن ئىلھام ئىدى. بۇ چاغدا، غەزنەۋىلەر تەختىگە چىققان مەھمۇد غەزنەۋى پەيتنى چىڭ تۇتۇپ غەزنە سۇلتانلىقىنى ئىمپېرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش پىلانى بىلەن كەڭ تۈردە جەڭ تەييارلىقىغا ئۆتتى. بۇ سۇلتانلىق گەرچە ئالىپ تېكىننىڭ دەۋرىدىن باشلاپ سامانىيلارغا باش ئەگمەيدىغان مۇستەقىللىق جاكالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىغان مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلىنىشى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن بولدى.

2

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى (997-، 1030- يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى، تالانتلىق ھەربىي قوماندان، مەرىپەتچى ئالىم ۋە شائىر بولۇپ، ئۇ، غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى سەبۇق تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. سەبۇق تېكىن غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ 4 - سۇلتانى، غەزنەۋى سۇلتانلىقىنى مۇستەقىللىققا ئىگە قىلغان ئالىپ تېكىننىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا باشلانغان مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ دەسلەپكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن قوراللانغان بىلىملىك ھەربىي قوماندان ئىدى. ئۇ، 963 - يىلى ئالىپ تېكىننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى بىلەن سامانىيلار دۆلىتىدىن مۇستەقىل بولۇپ چىققان غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنى كاتتا تۈرك ئىمپېراتورلۇقىغا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسى بىلەن جىددىي پىلانلارنى تۈزۈشكە كىرىشكەنىدى، شۇڭا ئوغلى مەھمۇدنىمۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەر تەرەپلىمە مەدەنىيەت تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى؛ مۇرەككەپ سىياسىي كۈرەشلەر ۋە بۇ كۈرەشلەرنىڭ مىللەت، ۋەتەنگە كەلتۈرىدىغان ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ئۇنى كەلگۈسىنى كۆرىدىغان غايىلىك سىياسىيون قىلىشقا تىرىشىپلا قالماستىن، مىللەت ھەم ۋەتەننىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىدىكى ھەقىقىي مىللىي روھ بىلەن دىنىي روھنىڭ سىياسىي كۈرەشلەر داۋامىدىكى رولىنىمۇ توغرا مۆلچەرلەپ خۇراپىلىقىغا قارشى تۇرالايدىغان ئەلەم ھەم قەلەمنىڭ كاتتا ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىكى ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قىلىش قاتارلىق ماھارەتلەرنى پۇختا ئۆگەتتى ھەمدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ خان - پادىشاھلىرىدا ئادەت بولۇپ كەلگەن ئومۇمىي خەلقنى ئەسكەر قىلىش ۋە جەڭگە قوماندانلىق قىلىشنىڭ تاكتىكىلىرىنى ئۆگەتتى. ئەمما، سەبۇق تېكىن 997 - يىلى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ئادەت بويىچە چوڭ ئوغلى ئىسمائىلنى تەختۋارىسى دەپ جاكالىدى.

ئىسما ئىل ئىقتىدارسىز، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان بەدخەج ئادەم بولغاچقا، ئۇ يەتتە ئاي
پادىشاھلىق تەختىدە تۇرغاندا، دۆلەت ئىچىدە مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى ئىسيانلار
كۆتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىقتىسادىي ۋە تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىلىملىك، غەي-
رەتلىك، يىراقنى كۆرىدىغان مەھمۇد بولسا ئاكىسى ئىسمائىلنى تەختنى بوشىتىپ
ئاتىسى قىلغان ۋەسىيەتنى ئورۇنداشقا شارائىت يارىتىشنى تەلەپ قىلدى، ئىسمائىل
ئۇنىمىدى، مەھمۇد قورال كۈچى بىلەن ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئۆزى تەختكە چىقتى.
ئۇنىڭ تەلىيى شۇنداق ئوڭدىن كەلدىكى، شۇ يىلى يەنە سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ
پادىشاھى نوھII مۇ ۋاپات بولدى. مەھمۇد دەرھال نوھ II نىڭ تەخت ۋارىسى مەنسۇرنى
خۇراساننى بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئەمما مەھمۇد مەقسەتكە يەتكۈچە يەنە بىر تۈرك
مەنسۇرنىڭ كۆزىنى ئويۇپ تاشلىدى. مەنسۇرنىڭ قېرىندىشى ئابدۇمالىك ئۇنىڭ ئور-
نىغا پادىشاھ بولدى، مەھمۇد شۇ ھامان ئۇنى بەلختىن قوغلاپ چىقاردى. ئابدۇمالىك
بۇخارادىن قېچىپ بېرىپ قاراخانىيلارنىڭ ئىلىك خانى قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆرگەن-
جىگە قامالدى، بۇنىڭ بىلەن مەھمۇد غەزنەۋى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇس-
تەھكەملىۋالدى. 999 - يىلى قاراخانىيلار شىمالدىن سامانىيلارغا ھۇجۇم قىلغاندا
مەھمۇد جەنۇب تەرەپتىن سامانىيلارغا قارشى ئاتلىنىپ پۈتكۈل خوراساننى بېسىۋالدى.
باغدات خەلىپىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. مەھمۇد 1002 - يىلى
شىبىستاننى ئىگىلەپ ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكالىدى، باغدات خەلىپىسى ئۇنىڭ نامىنى
قۇتبىدە ئوقۇشقا ئەمر قىلدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ، ئاتىسى سەبۇق تېگىنىنىڭ ئوغۇز
تۈركلىرىنىڭ كاتتا ئىمپېراتورلۇقىنى قۇرۇش يولىدىكى پىلانلىرىنى ھەرىكەتكە ئاي-
لاندۇرۇشقا كىرىشتى.

بۇ چاغدا، ئۇنىڭ دۆلىتىدە ئىچكى ئىسيانلار توپىلى ئىقتىساد ناچار بولۇپ،
ئەگەر زور بايلىق بولمىسا پىلانىنى ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مەھمۇد
ئىشنى دۆلەتنىڭ ئىچكى تەرتىپىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بايلىقى مول ھىندىس-
تانغا ئىستېلا يۈرگۈزۈشتىن باشلىدى. خۇددى ھىندى تارىخچىسى ئى. ك. سىنھا ۋە
ئا. ك. بەنناگى «مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھىندىستاندا تۇرغۇزۇلىشىغا تۈركلەر
سەۋەب بولغان، بۇ جەريان ئافغانىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركلەرنىڭ
غەزنەۋى ھۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن باشلانغان» ① دېگەندەك ساكلار، ئىفتالىتلار،
كۇشانىيلار قاتارلىق تۈرك (ئەجدادلىرىمىز) ھىندىستانغا ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن
ئالمىغاندا، سۇلتان مەھمۇد 1000-يىلى بىرىنچى بولۇپ ھىندىستاننىڭ جاپپار پاد-
شاھلىقىغا قارشى غازات قىلىپ، بۇ پادىشاھلىقنىڭ پادىشاھى جاپپار ۋە ئۇنىڭ بالا-
چاقىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، «ھەددى ھېساپسىز» بايلىقلارنى ئولجا ئالدى. جاپپار ئۇ-
رۇش چىقىمى ئۈچۈن نۇرغۇن ئالتۇن تۆلەم تۆلەش شەرتى بىلەن ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى،
ئەمما، مىللىي مەھكۇملۇقنى قورچاق پادىشاھلىقتىن پەس، ۋەتىنىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى
ئۆلۈمدىن يامان كۆرىدىغان جاپپار 1002 - يىلى نومۇسقا چىدىماي ئۆزىگە ئوت قويۇپ

① «ھىندىستان ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 2 - توم 349 - بەت.

ئۆلۈۋالدى. چاپپارنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئانانداپال پادىشاھ بولدى. 1006-يىلى مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭ زېمىنى ئارقىلىق مولتانغا يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئانانداپال ماقۇل دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، مەھمۇدقا قىلچە خۇشامەت قىلمىدى، سۇلتانلىقلارنىڭ مەھمۇدقا قارشى تۇرۇشىنى قوللاپ ئەسكەر چىقاردى. ئەمما، شۇ زامان ئېتىبارىدا ئەڭ جەڭگىۋار، مىللىي روھتا يۈكسەك غۇرۇرلۇق بولغان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇب قىلدى. بۇ چاغدا قاراخانىلار بىلەن غەزنەۋىلەر ئارىلىقىدا، قاراخانىلارنىڭ بەلخ ۋە خوراسانغا يۈرۈش قىلىشى بىلەن ئۇرۇش بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئەسلى ۋەسلى بىر بولغاچقا، ئىككى دۆلەت ئارىلىقىدا ئامۇ دەرياسى چېگرا قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئىتتىپاقلىق تېزلىكتە ئەمەلگە ئاشتى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىلار بىلەن دوستلۇقنى ساقلاپ، تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىش تەلىپىنى قويدى. قاراخانىلار خاقانى يۈسۈپ قادىر قاراخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن غەزنەۋىلەرگە ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدمۇ ئاتاقلىق ئالىم ئەبۇنەسىپ باشچىلىقىدا يۈسۈپ قادىر قاراخان ھوزۇرىغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر يۈسۈپ قادىر قاراخانغا ئىككى خاقانلىق ئوتتۇرىسىدا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش تەلىپىنى قويدى، يۈسۈپ قادىر قاراخان بۇ تەكلىپتىن خۇشال بولدى ۋە ماۋرا ئۇننەھرى ئېلىك خانى ناسىرغا قىزى چىگىلنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى شاھزادە مۇھەممەدكە خوتۇنلۇققا بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى. ناسىر ئېلىك خان بۇيرۇقنى تېزدىن ئورۇنلىدى. بۇنىڭدىن رازى بولغان سۇلتان مەھمۇد قىزى زەينەپ خاتۇننى يۈسۈپ قادىر خاقاننىڭ ئوغلى ياغان تېكىنگە نىكاھ قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇد غەزنەۋى پۈتكۈل ھاياتىدا قاراخانىلار بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە تۇغقانلىقىغا ھۆرمەت قىلدى. غەزنەۋىلەر دۆلىتىدىكى بەلخ ۋە خوراسانلاردا خەلق قاراخانىلارغا قارشى قوزغالغاندا، مەھمۇد ئۇلارنى توسۇپ، قاراخانىلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنى جازالايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا «ئۆز ھاياتىڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى دۆلەت تىلداش، دىلداشلىق ئۈستىگە قۇدا - باجىلىق بىلەن بىر - بىرىگە ھەمكارلاشتى ۋە گېزى كەلگەندە ھەربىي ياردەم بېرىپ تۇرۇشتى.

مەھمۇد غەزنەۋى ئارقا سەپتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، تىغ ئۇچىنى يەنىلا ھىندىستانغا قاراتتى. 1009 - يىلى ئانانداپالغا ھىندى پادىشاھلىرىدىن بىر مۇنچىسى ئەسكەر ياردەم بېرىپ، مەھمۇد غەزنەۋى باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىندىستان زېمىنىگە يۈرۈش قىلىش دولقۇنىنى توسۇپ قالماقچى بولدى. ئەمما غەزنەۋى سۇلتانلىقى باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار يەنىلا يېڭىپ چىقتى: «مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشى پۈتۈنلەي مەھمۇدنىڭ ھەربىي ماھارىتى بىلەن بولدى»①. بۇ-

① «ھىندىستان ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 2-توم 352-بەت.

ئىنىڭ بىلەن مەھمۇد غەزنەۋى تېخىمۇ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ھىندىستاننىڭ ئۇرغۇن جاي-
لىرىنى بويسۇندۇرۇپ، تاكى گانگى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ يىراق جايلىرىغىچە
بېرىپ، ھەسسىلەپ كۆپ جەڭ غەنىمەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى. 1009-يىلى يەنە غەزنە
بىلەن ھىرات ئارىلىقىدىكى گورستان خانلىقىنى، 1013-يىلى كابۇل خانلىقىنى، 1017-
يىلى خارازىم شاھلىقىنىڭ بىر قىسمىنى، 1025-يىلى گرۇزىيىنى، 1026-يىلى بۇۋاخ پا-
دىشاھلىقىنى ئۆز دۆلىتىگە قوشۇۋېلىپ كەڭ تېررىتورىيە، كۈچلۈك قوشۇن، چەكسىز باي-
لىققا ئىگە بولدى. بۇ چاغدا ئۇ، ئۇلجا ئالغان بايلىق ۋە ئەسىرلەرنى قويىدىغان جاي
تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە باي بولدى. مەسىلەن: ئۇ، 1019-يىلى ھىندىستانغا قىلغان ھەر-
بىي يۈرۈشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگەندە، ياقۇت قاتارلىق زىبۇ-زىننەت ۋە
باشقا ئەتىۋار ماللاردىن باشقا، 350 پىل، 57 مىڭ قۇل ئېلىپ كەلگەن. بۇ دەپىنە-دۇنيا،
قۇل ۋە پىللارنى سىغدۇرالماي بىر يۈرۈش ئىمارەت سالدۇرغان.

1018-يىلى بىر قېتىم، 1024—1026-يىللاردا يەنە بىر قېتىم ھىندىستانغا يۈ-
رۈش قىلغان ئىككى قېتىملىق غازات ئۇرۇشىدا ئۇ يەنە ناھايىتى ئۇرغۇن بايلىقلارغا
ئىگە بولدى. مەھمۇدنىڭ بىر تەرەپتىن ئىستىلاچىلىق قىلىپ بايلىق توپلىغان، يەنە بىر
تەرەپتىن ھىندىستاندىكى كاتتا ئىبادەتخانا ۋە بۇدلارنى چېقىپ ئىسلامىيەتنىڭ شۆھ-
رىتىنى ئاشۇرغان خىزمەتلىرىنى كۆرگەن باغداتتىكى ئەرەب خەلىپىسى ئۇنىڭغا خورا-
سان، ھىندىستان، شىبىستان ۋە خارازىمنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئۇنۋان بەردى. ئەمەلى-
يەتتىمۇ ئۇ ئاشۇ جايلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. مەھمۇد غەزنەۋىلەر دۆلىتىگە
سۇلتان بولغان يىللار (997—1030) دا، غەزنەۋى دۆلىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولدى. ئۇ-
نىڭ زېمىنى كېڭىيىپ شەرقتىن غەربكىچە 2000 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە 1400
كىلومېتىر كېلىدىغان كەڭ تېررىتورىيىسىنى ئىگىلىدى. ئىمپېرىيىسىنى
ئەمەلىيەتتە ئۇ بەرپا قىلدى. چۈنكى، تەختكە چىققاندا، ئۇ پەقەت غەزنە، بەلخ، بوست
قاتارلىق ئۈچ ئۆلكىنىڭلا ھۆكۈمرانى ئىدى. ئالىپ ۋە سەبۇق تېكىنلەر پەقەت غەزنە-
نىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ۋە كابۇل رايونىنىڭ غەزنىگە قارام بولۇشىغا كاپالەتلىك
قىلغانىدى. مەھمۇد بۇنداق كاتتا ئىمپېرىيىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران،
شىبىستان ۋە ئۇلارنىڭ قوشنىلىرىغا كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش قوزغاپ ①، شۇ جايلاردىكى
مىللىي مۇناپىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۇ دۆلەتلەرنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ، دۆلەتنىڭ تېررى-
تورىيىسىنى كېڭەيتتى، شۇ چاغدىكى غەزنەۋى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق شان-
شۆھرىتىنى ئاشۇردى. تەبىئىيكى، ئۇ ئىستېلا ئارقىلىق تېررىتورىيە ۋە بايلىق ئىگىلەش
ئۆز مىللىتىنى باشقا مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇش يولىنى تۇتقاچقا، ئۆزگە
مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ھاياتىدىلا ئەمەس، مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھاياتىدىمۇ ئېغىر ئىق-
تىسادىي ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەزىنىگە كۆپلەپ ئالتۇن كىرگەن بول-
سىمۇ، پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ سانى نەچچە يۈز مىڭدىن ئارتۇق جەڭچى ۋە نەچچە يۈزلىگەن

① ئى. ك. سىنخا «ھىندىستان ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 2-توم، 358-بەت؛
ئا. ك. بەنناكي

جەڭ يىلىلىرىنى بېقىش، مەھمۇد ھەر قايسى جايلارغا قويغان ئاچكۆز ئەمەلدار-
لارنى بېقىش ئەشۇ تېررىتورىيەدىكى خەلققە بېسىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش ۋەس-
ۋەسىسى بىلەن سۇغۇرۇش سىستېمىسى ۋەيران بولۇپ ئۇرغۇزۇلغان مۇنبەت يەرلەر قاقاس-
لىققا ئايلاندى. چۈمە قاتارلىق كېسەللىكلەر تارقىلىپ، ئاھالىلەر ئۆلۈپ كەتتى. بۇ-
نىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىقتىن كېلىدىغان دارامەت ئازلاپ، بۇلاڭچىلىق
ئۇرۇشى ئېلىپ بارمىسا دۆلەتنى قامداپ تۇرالمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەرمۇ پەيدا بول-
دى. شۇڭا سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قىلغان 17 قېتىملىق يۈرۈشى ۋە باشقا جايلارغا
قىلغان يۈرۈشلىرىدە بايلىق توپلاشنى مەقسەت قىلىپ، ئىستىلاچىلىقنى ئۇزاققىچە داۋام
قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەمما، ئۇرۇش ئوتىنى لاۋۇلدىتىپ يۈرگەن مەھمۇد مەدەنىيەتنىڭ كۆيۈمچىسى ئى-
دى. ئۇ بۇنداق كاتتا ئىمپېرىيىنى مۇستەھكەملەپ تۇتۇپ تۇرۇش يالغۇز بايلىق توپلاش-
نى مەقسەت قىلغان ئىستىلاچىلىق بىلەنلا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئاجايىپ
تالانت بىلەن دۆلەت ئىچىدە مۇتلەق نوپۇزلۇق پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىپ،
ئىمپېرىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلىۋالغاندىن كېيىن، ۋەزىرلەرنى
دانالار ئىچىدىن تاللاپ قويۇپ، يېڭى - يېڭى چارە - تەدبىرلەر بىلەن دۆلەتنى مۇستەھ-
كەم ھەم تەرتىپلىك ھالدا باشقۇرۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە
يول ئاچتى. ئۇ ئۆز ئوردىسىغا شۇ زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپلار، ئالىملار، شائىر-
لار، ئاسترونوملار ۋە يازغۇچىلارنى توپلاپ، بۇ دانالارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرى بىلەن
دۆلەتنى ئىدارە قىلدى. «مەھمۇد ئابرويلۇق شائىر ۋە ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ زېرەكلىكى
ۋە دىنغا بولغان ئېتىقادى ئۇنى ئوردىغا توپلانغان ئالىملارنىڭ دىن ۋە ئىلىم - پەن
ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىگە ئېلىپ كىردى. نۇرغۇن مۇسۇلمان ئالىملار ۋە شائىرلار ئۇ-
نىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە قەيت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى بى-
رۇنى، فىردەۋسى، ئەنسارى ۋە فارۇخ قاتارلىقلاردۇر. ئۇ، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەر
قايسى جايلىرىدىن ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى توپلىدى. ئۇ غەز-
نەدە بىر ئالىي مەكتەپ سالدۇردى.» ① زىيالىيلارغا ھەر يىلى 140 دىنار ئالتۇن مۇ-
كاپات بەردى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەتتە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى مەدەنىيەت ۋە
ئىقتىسادتا دۇنيانىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىدە كېتىۋاتقان قاراخانىلارغا ئوخشاش گۈللەندى.
پايتەخت غەزنەدە ياسالغان مەسچىت - مەدرىسەلەر ۋە ئوردا - سارايلار ھەمدە ئۇلارنىڭ
ئالدىدىكى فونتان - بۇلاقلارنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسى دۇنيانىڭ سەۋىيىسىدىن ھالقىپ
كەتتى. شۇڭا بۇ ئىمارەتلەرنىڭ خارابىسى ھازىرغىچە ساقلاندى. ئىلىم - پەندىمۇ ئا-
جايىپ ئۆرلەش بولدى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى ۋە ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ مەش-
ھۇر ئىلمىي ئەسەرلىرى مەھمۇدنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مەيدانغا كەلدى.

① ئى. ك. سىنها، ئا. چ. بەنناكى . «ھىندىستان ئومۇمىي تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 2-توم. 360-بەت.

دېمەك، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇرۇش ئىشلىرىدا تالانتلىق قوماندان بو-
لۇپلا قالماستىن، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلىم - پەن ئارقىلىق يول ئېچىشتىمۇ ئوخ-
شاشلا تالانتلىق ئىدى. ئۇ ئىلك تۈركلەر، ئافغانلار، ھىندىلار ۋە ئەرەبلەردىن تەركىب
تاپقان كاتتا قوشۇننى شۇنداق مۇناسىپ ھالدا كېلىشتۈرۈپ باشقۇرۇپ غالىبىيەتلىك
جەڭلەرنى قىلىشى ۋە ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان جەڭ مەيدانلىرىدىن ئېشىنغان
چاغلىرىدا ئىرىشىپ ئۆگىنىپ دۆلەتنى ئالىملىق دەرىجىسىدە باشقۇرۇپ، دۇنياۋى
سەۋىيىدىن ھالقىغان مەدەنىيەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىشى، شۇ چاغدىكى خان - پا-
دىشاھلارغا سېلىشتۇرغاندا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دانالىق ۋە ماھارەتتۇر. ئۇ-
نىڭ 1030 - يىلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا بارلىق بايلىقىنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇ-
رۇشىمۇ ئالىي خىسلەتتۇر. شۇڭا ئۇنى مەھمۇدنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان ھىندى تارىخ-
چىلىرى «ئۇرۇش قىلىشتا شەك - شۈبھىسىز تالانت ئىگىسى» دەپ ئىقرار قىلسا، ئىسلام
تارىخچىسى سەئىد پاياز مەھمۇد «مەھمۇد مەشھۇر پادىشاھ، ئۇلۇغ ھەربىي قوماندان ۋە
ھارماس - تالماس ئىسلام جەڭچىسى» دەيدۇ. «روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاك بولۇش تارىخى»-
نىڭ ئاپتورى گىببون «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سۇلتانلىرى-
نىڭ بىرى» دەيدۇ. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش، ئىستىلاچىلىق ۋە مەدەنى-
يەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرى 963- يىلدىن 1192 - يىلغىچە 229 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئۇ-
لۇغ غەزنەۋىلەر ئىمپېرىيىسى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا تا-
رىخىنىڭ ھەر قانداق نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

## 3

مەھمۇد غەزنەۋى 1030 - يىلى ۋاپات بولۇش ئالدىدا، ئوغۇللىرى ھەم ۋەزىر-
دىۋانلارغا جەڭگىۋارلىقنى ساقلاپ، دۆلەتنى مۇستەھكەم باشقۇرۇش، ئىچكى بىرلىكنى كۈ-
چەيتىپ تەختنى ياتلارغا بەرمەسلىك ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئەمما، ئۇ ۋاپات
بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سۇلتانلىق تەختىنى تالىشىپ ۋىجدانسىزلارچە رە-
قىبلەشتى. ئارىلىقتىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ بىرەر مەنسەپ ياكى نەپ تاپماقچى
بولغان نەپسانىيەتچىلەر ھەق - ناھەقنى ئايرىماي كۈتۈلدىشىپ رەقىبلەر كۈرىشىنى
جىددىيلەشتۈردى. ئىچكى نىزاھنى كۆرگەن ھىندى بۆتپەرەسلىرىنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق
بولدى. چۈنكى ھىندىستانغا ئىسلام غازاتچىلىرى سۇلتان مەھمۇدتىن بۇرۇن ئىسلام ئې-
چىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئىسلامىيەتنىڭ ھىندىستان زېمىنىدا يىلتىز تار-
تىشى سۇلتان مەھمۇدنىڭ 17 قېتىملىق غازات ئۇرۇشى بىلەن مۇنبەت زېمىنگە ئىگە بول-
غاچقا، ھىندى بۆتپەرەسلىرى مەھمۇدقا ئەڭ ئۆچ ئىدى. بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇد 1024 -
يىلى ۋەيران قىلغان سومنات ئىبادەتخانىسى (شۇ چاغدا بۆتپەرەسلەرنىڭ باش ئۇرىدى-
غان ھەرىمى ئىدى) نى قوغداشقا قاتناشقان 10 بەگلىكتىكى بۆتپەرەسلەر بۆتسا تىۋاغا
سېغىنىش روھى بىلەن ھەممىدىن بەك قىزغىن دىنىي غازاتقا چۈشۈپ، مۇسۇلمان تۈرك-
لەرگە ئېتىلدى.

ئەمما، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغۇللىرى بولغان مۇھەممەد بىلەن مەسئۇت ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش توختىمىدى. بۇ جېدەلدە مەسئۇت ئاكىسى مۇھەممەدنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىۋېتىپ ئۇتۇپ چىقىپ ئون يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن بولسىمۇ، 1040 - يىلى مەرۋى شاھجاھان يېنىدا بولغان جەڭدە سالجۇقلاردىن يېڭىلىپ لاھورغا قاچتى (شۇ چاغدا ئۇلار لاھورنى پايتەخت قىلغان)، يول ئۈستىدە ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئۇنى سۇلتانلىقتىن بىكار قىلدى ۋە تەختنى ئەمما مۇھەممەدكە تاپشۇرۇپ بەردى. مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مەسئۇتنى قەتلى قىلىپ دادىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوردا ئىچىدىكى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق ئەۋج ئالدى. ئەڭ خۇشامەتگۇي ۋەزىرلەر ۋە ھەمتاۋاقلىق ھېسابىدا شاھلىق ئوردىسىغا سۇقۇنۇپ كىرگەن ھەممە جايلاردا ھوقۇق ئىگىلىگەن مەنسەپدارلارنىڭ يوشۇرۇن خائىنلىقلىرىمۇ ئاشكارا ھەرىكەتكە ئۆتتى، بۇ بەدنىيەت ھەرىكەتلەر ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنى ئاجىزلاشتۇردى. بۇنداق جەڭگە-جېدەل ئاخىرىدا يەنە مەسئۇتنىڭ ئوغلى مەۋلۇتنىڭ مەسئۇتنىڭ ئاكىسى ئەمما مۇھەممەدنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈشى بىلەن ئاياغلاشتى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ئارقا-ئارقىدىن خان بولغان بولسىمۇ، سۇلتان مەھمۇدتەك ئالەمشۇمۇل سەردار ئاتىسىدىن دەرس ئالغانلارنىڭ ھوقۇق تالىشىپ قىرىلىشى بىلەن جەڭگىۋار مىللىي روھ ئۆلگەنىدى. شۇڭا، پۈتۈن شاھزادە دۆلەت كۈچىنى ساقلاپ قالالمىدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ قاراخانىيلارغا ھەددىدىن زىيادە يېقىنچىلىق قىلغانلىقىدىن نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان سالجۇق ئوغۇللىرى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ غەزنەۋىلەرگە تېخىمۇ بەك دوۋەيلىدى. «مۇشۇ چاغدا يەنە بىر بۆلۈك تۈركلەر — گۆرىستانلىق تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن جەنۇبقا قاراپ سىلجىدى. ئەڭ ئاخىرىدا غەزنەۋىنىڭ كەنجى ھۆكۈمرانلىرىنى ئافغانىستاندىن پەيدىنپەي سىقىپ چىقاردى ۋە كابۇلدا ھەربىي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى». ① دېمەك، 1009 - يىلى سۇلتان مەھمۇدقا باش ئەگكەن گۆرىستان خانلىقى غەزنەۋىلەر بىلەن سالجۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە غەزنەۋىلەر ئوردىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نىزالاردىن پايدىلىنىپ باش كۆتۈرۈپ، 1173 - يىلى سەردارى غىياسىددىن مۇھەممەد باشچىلىقىدا غەزنەنى ئىگىلىدى. غەزنە تۈركلىرىنىڭ ئىچكى نىزاھتا غۇلاۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى بىرلىك ھېسابىدا مەھكۇملۇقتىن ھاكىملىققا ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىگەن غىياسىددىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ئىچكى بىرلىكنى باشتىن - ئاخىرغىچە چىڭ تۇتتى ۋە ھەسەتخور ھوقۇقپەرەسلەر ھەمدە ناقابىل خۇشامەتچىلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشتا كەسكىن بولدى. ئۇ يەنە ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئىلمىي ئىشلارنى مۇكاپاتلاشنى يولغا قويۇپ، كۆپلىگەن ئالىملارنى ئۆز يېنىغا تارتىش بىلەن تېخىمۇ تېز شۆھرەت قازاندى. بۇ شۆھرەت

① مەدئىمد پاياز مەھمۇد: «ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە نەشرى 267-بەت.

(ئاخىرى 100 - بەتتە)

# قايناق شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان قىسقا شېئىرلار

(ئوبزور)

## تۇردى ئەبەيدۇللا، ئابدىكېرىم موللا

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» نىڭ1988 - يىلى 2- سانىغا بېسىلغان شائىر ئابدۇقادىر ھەسەننىڭ «ۋىجدان چۇقانلىرى» ماۋزۇلۇق شېئىرلىرى قايناق شېئىرى ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان، كىتابخانلارغا يېڭى ئىستېتىك زوق ۋە لەززەت بېغىشلايدىغان چوڭقۇر پىكىرلىك شېئىرلار بولۇپ، بىر ئوقۇش بىلەنلا بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇنىڭدىكى «قېرىدىق ياشلىقىم»، «ۋەتەن»، «ئانا»، «كاتىپ» دېگەن لىرىكىلىرىدا چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق يىغىنچاق ئىپادىلەنگەن:

كىرىپ قالدىم قېرىلىق ياشقا،
قونۇپ قالدى ئاقمۇ باشقا.
كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدى بەختىم،
كۆل چېكىمەن ئۇيۇلتاشقا.

دەرۋەقە ئادەم قېرىلىق ياشقا كىرگەندە سۈۋادان تېرەكنى سۇغۇرۇۋالغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەتكە تولىدۇ. بۇ - ئادەمنىڭ تاشقا كۆل چېكىدىغان، نى- نى ئىشلارنى قىلالايدىغان ئالتۇن دەۋرى. 40 ياشتا ئادەمنىڭ ئەقىل- ئىدرىكىمۇ ۋايىغا يەتكەن، جىسمانىي جەھەتتىن تولۇق يېتىلگەن بولىدۇ. ئىنسان بۇ دەۋرنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان بولسا تۈگىمەس پۇشايمانغا قالىدۇ، گەرچە بۇ شېئىرنىڭ تېمىسى باشقىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭدىكى پىكىر قايناق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغاچقا كىتابخانغا كونىدەك تۇيۇلمايدۇ. ئابدۇقادىر ھەسەننىڭ قەلىمى بىلەن بۇ كونا تېمىغا يېڭى ھاياتىي قان بېرىلىپ چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىنغان. شۇڭا بۇ شېئىر كىشىدە باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلغان. ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىلا ئەمەس (40 ياشتىكىلەرنى ) ياشلارنى، ياشانغانلارنىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ياشلارنى ئۇلۇغۋار غايىگە ئۈندەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ شېئىردا يېشى 40 نىڭ قارىسىنى ئالغان، بەلكىم ئۇنىڭدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىقلار قاتارىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەي، ئاق- قارىنى پەرق ئەتمەيدىغان، كىچىك بالىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان، ۋاقتىنى، ھاياتىنى قەدىرلىمەيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە يەپ-ئىچىپلا كۈننى مەنىسىز ئۆتكۈزىدىغان، يېگەن- ئىچكىنى بىلەن ئۆزىنى

چەكسىز بەختلىك ھېسابلايدىغان چاكىنا، ماختانچاق، تەييارغا ھەييار بولىدىغان ئىرادىسىز كىشىلەر قاتتىق قامچىلانغان.

شائىر «ۋەتەن» دېگەن شېئىرىدا:

«ئاقسام سۇيۇگدە، كۆيسەم كۆيۈگدە،
شادلىقىم ۋەتەن. تاتلىقىم ۋەتەن»

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇخىل مۇھەببەت ئۆزىگە خاس بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق ئوبرازلىق، كونكرېت ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئابدۇقادىر ھەسەننىڭ «ئانا» دېگەن شېئىرىدىمۇ، ئانىغا بولغان ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنىپ ئاتا- ئانىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، كۆيۈنۈش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، خاسىيىتىنى سۆزلەپ توگەتكىلى بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئانىنى يەتتە قېتىم يۇدۇپ ھەرەمگە ھەجگە ئاپارسىمۇ ئانىنىڭ بىر كېچە ئېمىتكەن ھەققى توگىمەيدۇ. ھازىرقى يېڭى دەۋرىمىزدىمۇ ئاتا- ئانىنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمايدىغان، ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمەيدىغان يامان ئادەتنى يوقىتىۋالغانلار يوق ئەمەس، بۇ شېئىردا ئانىنىڭ ئۇۋەندىنى ئاقلاش، ئانىنىڭ ئەمگىكىنى ھۆرمەتلەشتەك چوڭقۇر مەزمۇن ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

شائىرنىڭ «كاتىپ»، «ئىككى ھارۋا»، «ئىت نېمىشقا قاۋايدۇ» دېگەن شېئىرلىرىدىمۇ كەمتەرلىك، سەمىمىي- ساداقەتلىك، ۋاپادارلىق، راستچىللىق، يۈكسەكلىك ئېغىردىنى كۆتۈرۈشتەك ئېسىل خىسلەت مەدھىيىلىنىپ، ئازغىنا نەتىجىسى بىلەن ماختىنىپ لاپ ئۇرۇش، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماسلىق، تەييارغا ھەييار بولۇش، نام- مەنپەئەتنى كۆزلەپ پەسكەشلىك قىلىشتىن يانماسلىق، تاپاندىن يالاشتەك ناچار خاھىشلار تەنقىد قىلىنغان.

نۇقسانسىز ھېچنەرسە بولمىغىنىدەك شائىر ئابدۇقادىر ھەسەننىڭ يۇقىرىدىكى قىسقا شېئىرلىرىدا بەزى نۇقسانلارغا يول قويۇلغان. يەنى قاپىيە قوغلىشىپ كېتىپ بەزى سۆزلەرنى دەل جايىدا ئىشلەتمىگەن. مەسىلەن: «ۋەتەن» دېگەن شېئىرىدا «كۆيسەم كۆيۈگدە» دېيىلگەن. ئۇ، كۆيسەم ئوتۇڭدا دېسە توغرا بولاتتى. چۈنكى بىز ئوتتا كۆيىدى دەيمىز، كۆيدە كۆيۈش مۇمكىن ئەمەس. «كۆي» دېگەن سۆز كۆي- نەغمە، كۆيلەش، مەدھىيىلەش دېگەن مەنادا ئىشلىتىلەتتى. ئاپتورنىڭ بۇخىل نۇقسانلارغا كېيىنكى ئىجادىيىتىدە يول قويماسلىقىنى، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قايىنىمىدا تېخىمۇ كەڭ غۇلاچ ئېتىپ كىتابخانلارنىڭ ئىستېتىك تەلىپىگە ماسلىشىپ، تېخىمۇ ياخشى، رەڭگا- رەڭ گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# تەقسىمات

(ھېكايە)

ئادىلجان تۇنىياز

ئىدارىمىزغا بۇ يىل ئالىي مەكتەپ-
لەرنى پۈتتۈرگەنلەردىن بىرنى ئالماقچى
ئىدى. پىكرىمىزگە ئاساسەن، يۇقىرىدىن ئۈچ
ئوقۇغۇچىنىڭ ئارخىپىنى چۈشۈرۈپ بەردى.
بۆلۈم باشلىقىمىز رۇستەم ماڭا: «ئۇكام ئا-
لىم، بۇ ئارخىپلارنى تەپسىلىي كۆ-
رۈپ چىقىڭ، ياخشىسىنى تاللىۋېلىشىمىز
كېرەك. بىز تاللايدىغان ئادەم ئوقۇش نە-
تىجىسى ئەلا، مەلۇم باشقۇرۇش ئىقتىدارى-
غا ئىگە، تەشكىللىك جەھەتتە مەلۇم پارتىيە-
كۆرۈمىقا قاتناشقان بولۇشى كېرەك» دېدى.

مەن باشلىقنىڭ تەلىپىگە بىنائەن،
ئارخىپلارنى بىرمۇ - بىر ئىنچىكىلىك بى-
لەن كۆرۈپ چىقىپ، دوكلات قىلدىم:

— پەرھات — بۇ ئوقۇغۇچى تۆت يىل
ئۇدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان، تۆت
يىل ئۆز سىنىپىنىڭ سىنىپ باشلىقلىقىنى،
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن، تەشكىللىك جە-
ھەتتە كاندىدات پارتىيە ئەزاسى.

— ھەببەللى، بىزگە مانا مۇشۇنداق
ئادەم كېرەك، — دېدى باشلىق ئورنىدىن
قوزغىلىپ قويۇپ.

— ياسىن — بۇ ئوقۇغۇچىمۇ، تۆت يىل
ئۇدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان، تۆت
يىل سىنىپ ئىستىتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجى-
لىقىنى ئىشلىگەن، بىر نەچچە قېتىم ئىلى-
غار ئىستىتىپاق ئەزاسى بولۇپ تەقدىرلەن-
گەن، تەشكىللىك جەھەتتە پارتىيە ئەزاسى.

— ياخشى، ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — باش-
لىق شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ،
ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— ۋارىس — بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش
نەتىجىسىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەسكەن، ئەخ-
لاق جەھەتتىمۇ بىر ئاز چېچىلاڭغۇ، ئۇنىڭ
بىردىن - بىر ئالاھىدىلىكى — مەدەنىي
پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، ئۇ
مەكتەپتە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسىمۇ ئال-
غانىكەن.

— مۇشۇنداق ئادەمنىڭ ئارخىپىنى
بىزگە بەرگىنىنى، ئەمگەك - كادىرلار
ئىدارىسىدىكىلەر ئالجىپ قالغان ئوخشاي-
دۇ. تەشكىلات بۆلۈمى دېگەن پارتىيىنىڭ
مۇھىم ئورگىنى، بۇ ئارخىپنى دەرھال قاي-
تۇرۇۋېتەيلى، — دېدى باشلىق كەسكىن ھالدا.

— ئۇكام ئالىم، ئەمدى گەپ مۇنۇ
ئىككىسىدىن بىرنى تاللىۋېلىشتا قالدى.
سېنىڭچە قايسىسىنى تاللىۋالساق بولار، — دېدى
باشلىق ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— كېچاك، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن
ئانچە قېلىشمايدىكەن، مەنمۇ بۇ ئىككى-
سىدىن قايسىسىنى تاللاشنى بىلەلمەيۋا-
تىمەن، — دېدىم جاۋابەن.

بىز بىردەم ياسىننىڭ ئارخىپىغا قارى-
ساق، بىردەم پەرھاتنىڭ ئارخىپىغا قارايت-
تۇق، ئەنە شۇ پەيتتە ئىش ئۈستەلى ئۈس-

ئىدىكى تېلېفون جىددى جىرىڭلىدى. باشلىق ئىرەنچەكلىك بىلەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى: — ۋەي، كىم؟ ھە،



نېمە گەپ؟ نېمە؟ قاسىم شەنجاڭما؟ ۋاي قانداق ئەھۋاللىرى؟ تەنلىرى سالامەتتۇ؟

باشلىق «شەنجاڭ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا، خۇددى ئۇرقيانىڭ كامالچىسىدەك ئىڭگىلىپ كەتتى. باشلىقنىڭ ھازىرقى بۇ قىياپىتىگە قاراپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ غىدىقى كېلەتتى.

— شۇنداق ئىشمىدى؟ ۋاي ئەقلىم قۇرۇسۇن، ۋارىسجاننىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىدىن نېمىشقا بۇرۇنراق خەۋەر تاپمىغاندىمەن. بولىدۇ، بولىدۇ، ئۆزلىرى تولىمۇ ئاۋارە بولۇپلا. بولىدۇ، بولىدۇ. شۇنداق بىجىر دۆۋەتەيلى، خوش، سالامەت بولسىلا، — دېدى-دە، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويدى.

بۇ ۋاقىتتا، باشلىقنىڭ كەيپىياتى جىددىيلەشكەن بولۇپ، خۇددى زور بىر بالايى-ئاپەتتىن خالاس بولغاندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى-دە، بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ:

— ئۇكام ئالىم، نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئارخىپىنى تەپسىلىيرەك كۆرمەيسىز؟ ماۋۇ ۋارىس دېگەن بالا قاسىم شەنجاڭنىڭ كەنجى ئوغلىكەن ئەمەسمۇ؟ بىزگە مۇشۇنداق ئادەم كېرەك! ۋارىسنىڭ ئارخىپىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان ئىككى ئارخىپنى قايتۇرۇۋېتىڭ، — دېدى.

مەن تېخىچە ھەيرانلا تالاش-تارتىش ئۈستىدە قالغان بۇ ئىككى ئارخىپقا قارىغىنىمچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم...

(بېشى 70- بەتتە)

قىزچاق كونۋېرتنى قولىغا ئېلىپ ئاچماقچى بولغانىدى، «ئايروپىلانغا چىققاندا كۆرۈڭ، يا بولمىسا، ئايروپىلان جۇڭگو زېمىنىدىن ئايرىلغاندا ئېچىپ كۆرۈڭ» — دېدى يىگىت چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قىزچاققا قاراپ.

ئايروپىلان يەردىن كۆتۈرۈلدى. ئۇزىتىشقا چىققانلار بىلەن يىگىت چېكىنىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قىزچاق خەتنى قولىغا ئېلىپ ئېھتىيات بىلەن ئاچتى-دە، تۇرۇپلا قالدى، چۈنكى كونۋېرتقا سىسىن ئون يۈەنلىك زايومدىن بەش تال سېلىنغانىدى.

بىردىنلا قىزچاقنىڭ ئېسىگە ئۆت كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ، ئايروپىلاننىڭ يۇمىلاق دېرىزىسىدىن ھېلى يىگىت تۇرغان يەرگە قارىغاندىكىدەك مۇھەببەتلىك نەزىرى بىلەن، ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان كەڭ زېمىنغا قاراشقا باشلىدى.

تۇرسۇن قۇربان تەرجىمىسى

(«تاللانغان ھېكايىلەر كىتابى» دىن ئېلىندى).

## ئانا پەرىيادى

### مەھەممەت خېۋىر

سەھەردە كېتىسەن ئالدىراپ ئىشقا،
چۈشلەكى كېلىسەن ئۇلگۇرۇپ ئاشقا.
كەچلىكى يۇلتۇزنى كېلىسەن يۇدۇپ،
شۇڭغىچە تۇرىمەن يولۇڭدا كۈتۇپ؛
بولسام دەپ مۇيەسسەر ئىللىق قاراشقا.

ئالدىراش بالام دەپ ئىشىنىپ دائىم،
ئاشىسۇن رەنجى دەپ كۆڭلۈمدە ۋايىم.
ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تالاي - تالاي رەت،
ئالدىڭدا مۇڭۇمدىن ئاچقۇم كېلىپ بەت،
رەنجىتىپ قويماي دەپ بارمىدى رايىم.

بوش بولساڭ ھوجراڭدىن چىقمايسەن بالام
ھەسرەتلىك چېھرىمگە باقمايسەن بالام،
سۇرىمەن خىيالىلار سائەت - سائەتلەپ،
ياشلىرىم ئاقىدۇ چىلەك - چىلەكلەپ،
دەردىمنى بىر ئازمۇ ئۇقمايسەن بالام.

دېلىڭدىن مېھرىنى خەجلەپ، تۈگىتىپ،
قويدۇڭمۇ يا سېنى ئەركە ئۆگىتىپ؟
بىر بالام، جان بالام، ئالتۇن بالام دەپ،
يۈرەكنى ياندۇرغان يالقۇن بالام دەپ،
قويدۇڭمۇ دىلىڭنى پۈۋلەپ - سەگىتىپ؟

رەنجىتىپ قويدۇڭمۇ سېنى لەت قىلىپ،
ئورنىشىپ قالدىمۇ دىلغا دەرد قىلىپ؟
يۈرەمسەن ئاپاڭنى ئەپۇ ئېيتەلمەي،
بىر رەنجىش تۇۋىدىن يىراق كېتەلمەي؟
بۆلدىمۇ كۆڭلۈڭنى ئەشۇ چەت قىلىپ؟

ۋايىغا يەتكۈزمەي چېچەكلىرىڭنى،
رەت قىلىپ قويدۇڭمۇ ئىستەكلىرىڭنى؟
ياشلىقىڭ ھوزۇردىن بەختىن كۆرەلمەي،
بەختىم دەپ تەنتەنە قىلىپ كۈلەلمەي،
ئىچىڭدە باستىڭمۇ تىلەكلىرىڭنى؟

مەن سېنىڭ ئاپاڭغۇ جىگىرىم بالام،
ئۆمرۈمنى سەن ئۈچۈن ئاتىغان تامام،
قېنىمنى سۈت قىلىپ ساڭا ئاققۇزۇپ،
ئالقاندا كۆتۈرۈپ تاڭلار ئاتقۇزۇپ،
ئۇنتۇلغان دىلىمدىن جۇدالىق يارام!

مەن سېنىڭ ئاپاڭغۇ ئاتاڭ ئورنىدا،
سەنمۇ ھەم يۆلەنچۈك ئاتام ئورنىدا،
سېنى دەپ قانچىلىك رىيازەت چەكتىم،
سېنىڭدىن قانچىلىك تەسەللى تاپتىم،
جىسمىمنى ئىسسىتىپ كۈلخان ئورنىدا.

دىلىمنى جاراھەت ئەتمىگىن بالام،
كۆڭۈلدە يىراقلاپ كەتمىگىن بالام،
بارمىدى سېنىڭدىن ئۆزگە دىلكىشىم،
قۇرۇسۇن قان كەبى ئاققان كۆز يېشىم،
ھەسرىتىم تارىنى چەكمىگىن بالام.

كۈلكەڭدىن دەردىمگە شىپا ئاقتۇرۇپ،
دىلىڭدىن ئاپاڭغا ۋاپا ئاقتۇرۇپ،
باقىمەن تەلمۈرۈپ چېھرىڭگە بالام،
تەشنا مەن جان بەخش مېھرىڭگە بالام،
سۆيىمەن سېنىملا، سېنى ياقتۇرۇپ!

كەلگىنە ئاپاڭنىڭ يېنىغا بالام،
جان قوشۇپ ناتىۋان جېنىغا بالام،
كۈلدۈرگىن بالىچە ئەركىلەشىڭدىن،
ساقايسۇن يارام قۇت ئەپكىلىشىڭدىن،
سىڭىپ كەت يۈرىكىم قېنىغا بالام!

# شېئىرلار

## ئابدىرېھىم زاھىدى

### بىر قىزغا...

بىنا قەت بوپ پاك يۈرەك ئەي قىز،
تەلەي سىناپ پال سېپ كېتىمسەن.
كۆتكىنىڭدەك چىقمىسا پالىڭ،
ئاھ!... دەيسىنۇ ھەسرەت يۇتىسەن.

يۈرەكتە يوق ئۇ سۆيگۈ ئوتى،
يۈرمەس قۇرۇق سەرەڭگە چاقتا.
ئۇ پراتىمىغىن ئۆزەڭنى ئانچە،
قۇرۇق خىيال بىلەن ئاھ ... ـ ۋاھتا!

### سەن تاۋار ئەمەس

ــ كۆيدۈم ـ دېسەم نازلىنىپ ماڭا،
ــ سۆيدۈم ـ دېگەن ئىدىڭغۇ بىر چاغ.
ۋىسال پەيتى كەلگەندە يېتىپ،
سالدىڭ نازۇك بۇ قەلبىمگە داغ.

بىلىپ تۇرۇپ ھەممىنى جانان،
تويلۇق ساپسەن ھەيران قالغىدەك.
مەردكە كۈنى سېنى يۆتكەشكە،
تېخى: ـ «ئونلاپ پىكاپ» بارغىدەك.

ئاڭلا جانان: ـ سەن تاۋار ئەمەس،
رىستۇراندا تىزىپ ساتقىلى.
چىن سۆيگۈنىڭ نەرقى تەڭداشسىز،
بولماس پۇلغا سېتىپ ئالغىلى.

بارغان كۈنى بىزدىن ئەلچىلەر،
باھا قويۇپ بېرىپسەن شۇنداق.
شۇ نەرقىڭنى يېزىپ چېكەڭگە،
رەستىلەرگە سالساڭكەن، قانداق؟!

### غايە

كېتىپ بارىسانسىز كارۋانلار،
چەكسىز كەتكەن داۋانلىق يولدا.
بەزىلىرى دۇلدۇلغا مىنگەن،
بەزىلىرى پىيادە ھالدا.

ئاھ! بۇ يولنىڭ نە باش ـ ئايىغى،
ھېچقايسىغا ئەمەستۇر ئايان.
بىر نىشاننى كۆزلەپ مېڭىشار،
بىلمەس ئاڭا ئېرىشەر قاچان؟

بىلەر ئۇلار پەقەت دىل رىشتى،
سېھىرلىك بىر كۈچكە باغلانغان.
مەۋھۇم بىر ئوت يۈرەك قېتىدا،
كۈلخان بولۇپ لاۋۇلداپ يانغان.

### شېئىر ـ سېھىرگەرنىڭ تېشى ئەمەس

شېئىر دۇركىتا بىخانىنىڭ دىل ئاشىقى،
تومۇرىغا سىڭىپ كىرىپ ئوينايدىغان.
روھىدا ئىپار كەبى خوش ھىد چېچىپ،
دىل تارىن چېكىپ قەلبى ياراتدىغان.

تەپەككۇر ئاسمىنىدا چاقماق بولۇپ،
ئۇ يېرىپ ئۆتەر غەشلىك تۇمانلارنى.
ھايا تقا بېرىپ قۇدرەت، ئىشەنچ، ئۈمىد،
قوغلايدۇ قايغۇ، مۇڭ ـ زار گۇمانلارنى.

لاپ ئەمەس ئۇنى روھى ئاتوم دېسەك،
پارتلاپ ئۇندا تەۋرەر ئىنسان ئېڭى.
يارىلار پارتلاشتىن ئەقىل-ئىدرەك،
تۇغار ئۇ شىجائەتلىك ئاڭنى يېڭى.

ئۇ ئەمەس سېھىرگەرنىڭ ئالا تېشى،
سەر قىلىپ ئەل كۆزىنى باغلايدىغان.
ئۆزگىنى تاڭ قالدۇرۇپ تاپاۋەت قىپ،
سىر ساقلاپ كانىيىنى مايلايدىغان.

### دوستۇمنىڭ سۆزىگە...

سۆزلەپ ئوغۇل ھەققىدە دوستۇم،
كۆرەڭلىدى ئۆزىچە شۇنداق.
دەيدۇ: «ئوغۇل كۆرگەن ئاتىنىڭ،
ئىزى ئۆچمەي ياشايدۇ ئۇزاق.

قىز ئوخشايدۇ گويا بىر قۇشقا،
كېزى كەلسە ئۇچۇپ كېتىدۇ.
قىز تاپقاننىڭ ھاياتى ئىزسىز،
قامغاق كەبى ئۇچۇپ كېتىدۇ.

قىزغا ئاتا بولغان كىشىنىڭ،
ھەل بولمايدۇ ھېچچاغ غايىسى.
ئاي - ئايدىڭدا چۈشكەن شولىدەك،
بىر دەمدىلا يۈتەر سايىسى.»

بۇ تېتىقسىز گەپلەرنى ئاڭلاپ،
قەي قىلغىدەك بولدۇم ئاچايىپ.
سۆز باشلىدىم ئۆزەمنى بېسىپ،
قەدىردانىم دوستۇمغا كايىپ.

دوستۇم: قۇياش نۇرىدىن بەھرى،
ئېلىپ بۇندا ياشاركەن جانلىق.
بىراق زېمىن بولمىسا مەۋجۇت،
بولماس ئىدى جاھاندا بارلىق.

ئىنسانىيەت ئەجىر مېۋىسى،
قىز-ئوغۇلغا بولىدۇ ئورتاق.
بولۇپ ئوغۇل، بولمىسا گەر قىز،
ھايات داۋام ئېتىدۇ قانداق.

تارىخ ۋاراقلىساق كۆپ قىز بار،
قويۇپ كەتكەن بۈيۈك ئىزلارنى.
ئىزسىز ئۆتكەن ئوغۇللارمۇ جىق،
دورىيالماي ئاشۇ قىزلارنى.

ئىپارخان ھەم نوزۇگۇملاردەك،
باتۇر قىزلار ئۆتكەنىغۇ بۇندا.
تىغ كۆتەرگەن ياۋغا يەتتە قىز،
مۇقام بىرلە بار ئاماننىسا.

بىزدىن زىبۇننىسا، رابىيە،
زۇلپىيەلەر قىلدى كۆپ ئىجاد.
غەيرى ئەلدىن چىقىپ كىيورى،
ياراتتىغۇ داڭلىق كەشپىيات.

بىلگىن دوستۇم ھاياتىڭدىن ئىز،
قويماق ئوغۇل، يا قىزدىن ئەمەس،
ئەقىل، ۋىجدان بىلەن يېتىلسە،
پەرزەنتىڭدىن مۇراد ھاسىل بەس.

## ئىككى شېئىر

### ياسىن ئەمەت

#### ئەستەكلەر

يىلسېرى چوڭقۇرلاپ باردى مېھرىمىز،
بولغاچقا بىز چىن قەدىردان ساۋاقداش.
چىگىلدى دىلدىن - دىلغا چىڭ رىشتىمىز،
سەپەردە بولدۇق بىز قولداش، نىشانداش.

كۈزەللىك ئىزدىشىپ ھايات قوينىدا،
دۇچ كەلسەك داۋانغا يانمىدۇق ھەرگىز،
سىر داشتۇق، مۇڭداشتۇق بۈيۈك ئارماندا،
ھارغىنلىق ئۇنتۇلۇپ تويۇلدى لەزىز.

سەھەردە يۈگەرسەڭ مەيدان ئايلىنىپ،
كەچلىرى كىتابقا تىكىلگۈدەك ئۇزاق.
سۆھبەتلەر قۇرساق، خىياللار چايقىلىپ—
نەزەر دىمىز مەنزىلىمىزدە
ۋە لېكىن يىراق.

بىر سىنىمىز يولۇقساق كېسەل - خەتەرگە،
ھەسرەتتە، يىغان چېكىپ تۆكەتتۇق ياش.
بىرلىرى چىقسا گەر شەرەپ - مۇنبەرگە،
يۈرەكتىن - يۈرەككە ئاقاتتى قۇياش.

قانچە يىل ئاڭلىدۇق بىر سىنىپتا دەرس،
ئۇستازنىڭ سۆزلىرى ياندى يۈرەكتە.
ئانا يۇرت سۆيگۈسىنى بىلدۇق بىز قەرز،
ئىنتىلدۇق ئالاشچۇن ئوتلۇق تىلەككە.

كۆزىمىز نۇرلىرى كىتاب قۇرلاردا،
ئىشقىمىز تەلپۈندى يۇلتۇز ئاھۇغا.
ئۆركەشلەپ قېنىمىز ساپ تومۇرلاردا،
ئوخشايتتى نىيەتلەر سۈزۈك ساماغا.

چارچىساق شادلىنىپ ئېيتاتتۇق ناخشا،
تەبىئەت قوينىنى لەرزىگە سېلىپ.
زوقلىنىپ تولۇن ئاي چاچاتتى شولا،
قەلبىمىز قېتىنى ھېسلارغا كۆمۈپ...

يەنە ئىشقى بارغانچە ياندى چاراقلاپ،
ئىقبالنىڭ چولپىنى سوزغاچ قولىنى.
ئوقچۇيتتى ئىلھاملار بۇلاقتەك قايناپ،
قۇراتتۇق ۋىسالنىڭ يېڭى ھۇلىنى.

كۆرەلمەس ھەسەتنى ئەيلىدۇق گۇمران،
ئاق كۆڭۈل مۇھەببەت بولدى بىزگە يار.
ئالقىشلار ياغدۇردى بۈلەكچە زامان،
بىز ئىجاد ئەۋلادى بولغاچ بەختىيار.

يېللارنىڭ ئۈستىدىن كەلدۇق بىز غالىپ،
ئىزدىنىپ ۋاقتىمىز ئۆتتى مەنىلىك.
ھەر ئىزغا ئىزپاندىن لالىلەر تېرىپ،
يېتىلدۇق سۈمرۈغدەك كۈمۈش قاناتلىق.

نام-شۆھرەت، ئابرۇينى قىلمىدۇق تاما،
ئىستەكلەر ئۈندىدى بىزنى غايىگە.
ئەقىدە، غۇرۇرنى بىلىپ بىباھا،
كارۋان بوپ ئاتلاندۇق نۇرلۇق مەنزىلگە.

تەسىرات، ھېسلارغا باي بىز ساۋاقداش،
ئىلھامدىن تۇغۇلار يېڭى تىلەكلەر.
كارۋان بىز، ئۈمىدىمىز تۇغقان قېرىنداش،
مۇھەببەت ئەۋجىدە يانسۇن يۈرەكلەر...

× × ×

يىللىرى چوڭقۇرلاپ باردى مېھرىمىز،
بولغاچقا بىز چىن قەدىردان ساۋاقداش.
چىگىلدى دىلدىن - دىلغا چىڭ رىشتىمىز،
سەپەردە بولدۇق بىز قولداش، نىشانداش.

## سىم - سىم يامغۇر

يۇلتۇزلار تارقىغان سۈزۈك سەھەردە،
يېيىلدى ئەتراپقا قويۇق ئاق تۇمان.
شەبنەممۇ جىلۋىدار گۈللەر بەرگىدە،
شىۋىرلاپ چۈشمەكتە يامغۇر شۇ ئان.

چىقتىمەن كۆلىمىدىن خالاپ يامغۇرنى،
ياشلىرىم قوشۇلۇپ سىڭمەكتە ئاڭا.
خىيالى چۈشلىرىم كېزەر يىراقنى،
ئەسلىتىپ ھىجرانلىق بىر چاغنى ماڭا.

بەك سەبى ۋاقتىمىز ئىدى ئۇ چاغلار،
سۆيگۈدىن ئېچىلغان ئەمدىلا چېچەك.
سەيلىگە چىققانىدا سىم - سىم يامغۇرلار—
چۈشكەنتى ئاق تۇمان يېيىپ كەڭ ئېتەك.

كېلەتتۇق يامغۇردا سەگىنەپ شۇ دەم،
گەۋدىمىز سىڭىشكەن تۇمان ئىچىدە،
قوللۇرۇڭ بوينۇمدا، تىنىق نازۇك ھەم،
يارالغان سۆيگۈدىن ئۆچمەس ئابىدە.

نە قىسمەت كەلدىكىن بىر چاغلار بىزگە،
ئايرىلدۇق يامغۇرلۇق ئەشۇ سەھەردە.
ياش تۆكۈپ گەۋدىنى ئەگمىدۇق پەسكە،
ئاچچىقلا كۈلۈشتۇق يېشىل پەسلىدە...

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتكەندۇ بەلكى،
ساقلاندى يۈرەكتە تۈگىمەس بىر داغ.
يوقالماس ئىسكەندۇ ساداقەت مۈلكى،
مۇڭ تۆكتۈم چۈشكەندە ئەسكە شىرىن چاغ.

ھە، بۈگۈن تۇرۇسەن سىم-سىم يامغۇردا،
ئېسىڭدىن كەچتىمۇ يامغۇرلۇق سۆيگۈ.
پەر قاقار كۆينىكىڭ كۈمۈش تۇمانىدا،
قارايسەن يىراققا چېھرىڭدە ئىزگۈ.

تۇرقۇڭدۇر گويا كى ئاق پەرى سېنىڭ،
تىلەمسەن سۆيگۈگە يامغۇردىن مەدەت.
يۇلغۇزدەك تۆكۈلگەن تال-تال كىرپىكىڭ،
چىللامدۇ خەس دىلىڭنى يەنە بىر رەت.

پۇشايمان ئۆرتەمدۇ ياكى قەلبىڭنى،
سۆيگۈگە تويۇنغان كۈنلەرنى ئەسلەپ.
بېغىشلاپ گۈلگۈمغا ئارزۇ رىشتىڭنى،
تۇرامسەن ۋە ياكى ئۆتمۈشنى كۈيلەپ.

بارىمەن تۇمانلار ئىچىدە لەيلەپ،
گىرەلەر سالىمەن بوينۇڭغا يېنىك.
سۆيىمەن شۇندا لېۋىڭگە يېقىپ لەب،
شۇ قۇتلۇق سۆيگۈدىن مەي ئىچىپ قېنىق.

× × ×

شىۋىرلاپ چۈشمەكتە سىم-سىم يامغۇرلار،
سۇ بەسىدەم زېمىنغا بېغىشلاپ ۋىسال.
كەلمىسۇن چەكسىزلىك سەن ھەممىگە تار،
سىڭەي مەن قەبرەمگە يامغۇردا ئاۋال.
نۇر قوچسۇن جىسمىڭدا ئىزگۈ تۇيغۇلار،
يارىلىپ سۆيگۈدىن يېڭى ئانە ئارال...

(بېشى 91 - بەتتە)

ئاسسىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەپ 1196-يىلىغا كەلگەندە خىسراۋ شاھىنىڭ گۆرەگە قو-يۇلغان ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ پۈتكۈل غەزنە سۇلتانلىقىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ ئالدى. دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن غەزنە سۇلتانلىقى شۇنىڭ بىلەن دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈلدى.

غەزنە سۇلتانلىقىنىڭ يوقىلىشى تارىخ ئېقىمىنىڭ دولقۇنلىرىدا ئىناقسىزلىقتىن بەختسىزلىككە يولۇققان مىللەتلەرنىڭ كۆلپەت قايناملىرىدا تۈنجۇقىدىغانلىقىنى ئىس-پاتلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى ۋە ھەربىي ستراتېگىيە جەھەتتىكى تۆھپىلى-رى دۇنيا تارىخىدا مۆجىزە بولۇپ، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا بۇددا دىنىي ئورنىغا ئىسلامىيەتنى دەسسىتىپلا قالماستىن، بىرونى ۋە فىردەۋسىدەك ئالىملارنى تەر-بىيىلەپ ئۆز ئىلمىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئىلىم - پەندە گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەد-بىرلىرىمۇ شەرق ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەت-تى. بۇ دۆلەتتە بارلىققا كەلگەن باشقۇرۇش تەدبىرلىرى تارىخىي كاتېگورىيەلەرنىڭ ئايرىم مەزمۇنلىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئىلىم - پەن مۆجىزىلىرىدىن فىردەۋسى ھەم بىرونى ئەسەرلىرى ھازىرغىچە دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا، غەزنە سۇل-تانلىقى ۋە ئۇنى قۇرغۇچى سۇلتان مەھمۇدنى تەتقىق قىلىش- ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى-نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەزمۇندۇر.



# بەيگە سوۋغىسى

(پوۋېست)

ئادانگۇل ماھوت

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

3

ئۇمىدجان ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— سىلەر بەك ھېرىپ كەتتىڭلار، مەن سىرتقا چىقىپ قاراپ باقاي، سىلەر ئارام ئالغاچ چاي ئىچىۋېلىڭلار... دېدى.

ئۇمىدجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يادىكار سائادەتنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ:

— سائادەت راستىنى ئېيتسام مەن يەنە خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، بىز بۈگۈن كېچىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزۈۋالساقلا ئەتە تاغ ئارىسى بىلەن تەلەمەت داۋىنىغا يېتىۋالىمىز، ئۇ يەردە بىزنى پارلاق ئىستىقبال كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئۇلار چايغا ئولتۇرۇشتى، ئۇمىدجان ئۇ كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ بۇ بىر جۈپ قاملاشقان قىز - يىگىتكە قاراپ ئىختىيارسىز مەسلىكى كەلدى. ئۇ دوستىغا قاراپ:

— سىلەر ھارمىغان بولساڭلار بۈگۈن كېچە مۇشۇ چىراغ يورۇقىدا تونۇكەن بولساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش ئادەم ئۈچۈن ئازابلىق بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلىشتا ئادەمنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، - ئۇمىدجان سۆزلەۋېتىپ دوستىنىڭ خاتىرجەمسىز كۆزلىرىدىكە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويدى.

— يادىكار، سىزدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟..

سائادەت ئېيتىمىزار كۆزلىرىنى يادىكارغا تىكتى.

— سائادەت، مەن ئۇ يەردە تارتقان كۈنلىرىمنى سىلەرگە سۆزلەپ بەرسەم گويا ئۇ ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى قايتىدىن باشتىن كەچۈرگەندەك ئوخشاش ئازابلىنىمەن... شۇنداقتىمۇ قىسقىراق قىلىپ سۆزلەپ بېرەي...

مەن ھاشارغا ئېلىپ كېتىلگەن كۈندىن باشلاپ ئېتىزدا يەر ھەيدەش، يېڭى سالماقچى بولغان يامۇلغا تاش توشۇشتەك ئېغىر ئەمگەككە سېلىندىم، بىر نەچچە قېتىم، مۇشۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنى ئويلىدىم، ئەمما ئەترابىمدا بەگنىڭ چوماقچىلىرىدىن باشقا ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق چەكچىلىرى كۆپ بولغاچقا مۇمكىن بولمىدى، بۇ يىل سەپەر ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا مەن قەتئىي قېچىش قارارىغا كەلدىم، قېچىپ يېرىم كېچە بولغاندا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يولدىن ئادىشىپ، ئەھمەت بەگنىڭ جاگىرىسى ئەترابىغا كېلىپ قاپتىمەن، ئەتراپتا پايلاقچىلىق قىلىۋاتقان ئۇنىڭ چوماقچىلىرى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشۇمدىن كەتكەن ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ تەييار ئولجىغا ئېرىشكەن قاراقچىلاردەك، مېنى باغلاپ ئەھمەت بەگنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەھمەت بەگ مېنىڭ ھاشاردىن قاچقان قاچقۇن ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن يىرتقۇچلارچە ھۆكۈرەپ مېنى ئېغىر تاياق ئاستىغا ئالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆگىلىكىمۇ يوق قورقۇنچلۇق زەي بىر ئۆيگە قامىۋەتتى، ئىككى كۈنگىچە تاماقمۇ بەرمىدى، 2 - كۈنى كەچلىكى خوپتەن ۋاقتى ئىدى، چىرايلىق كېيىنگەن بىر قىز مېنى نەزەر بەندىكە ئېلىپ تۇرغان پايلاقچىنى ھەيدىۋېتىپ، مەن يالغۇز قامالغان ئۆيگە كىردى ۋە ئاستا چىراغ ياقتى. شۇ چاغدا ئاران پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىمگە ئاق يۈزلۈك، قارا قاشلىق، غۇنچە بوي، ئەھمەت بەگنىڭ ئەركە قىزى گۈلبەھرەم كۆرۈندى. ئاچچىغىمدا غەزىپىم ئۆرلىدى، ئۇمۇ بايىنىڭ مېنى پۈتكۈل ئازاب زىيىنىغا سالغان دەگنىڭ قىزى-دە؟ مېنىڭ قارشىمدا بۆرىنىڭ بالىسى بەرىبىر بۆرى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنى كۆرۈپ پەرۋاسىز چەتكە قارىۋالدىم.

— يادىكار، — ئۇ پەس، ئەمما تىترەك ئاۋازدا مېنى چاقىرىپ يېنىمغا كەلدى.

— كۆزۈمدىن يوقۇلۇڭ، سىزگە بۇ يەردە نېمە بار؟ — مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، لەۋلىرى تىترەپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى، كىرپىكلىرى نەملەندى، ئۇ تەسلىكتە غەيرەتكە كەلگەن بىر قىياپەتتە چىرايلىق قارا كۆزلىرى بىلەن مېنى تولۇق كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك ماڭا سىنچىلاپ قارىدى.

— يادىكار مېنى ھەيدىمەڭ، مەن، مەن سىزنى بۇ يەردىن قۇتقازغىلى كەلدىم، ئۇلار سىزنى بۈگۈن كېچە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى... ئۇ سۆزلەۋېتىپ قوللىرىمنى بوشىتىۋەتتى، — سىز بۇ يەردىن دەرھال قېچىپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ ئازابلانغان ھالدا. مەن ھەيران بولۇپ بەگ قىزىنىڭ ماڭا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىمۇ بىلەلمەي ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قالدىم.

— يادىكار، سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا قىش زىمىستاندەك قارايسىز؟ بەگ قىزى بول-

غا ئىلىنغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ مەن يەنە قىزى بولسامۇ ئاللا ماڭا ئىنساب - دىيانەت، ۋاپادارلىق ئاتا قىلمىغانمۇ؟ مېنىڭمۇ ئىنساپىم يوقمۇ؟ قاراڭ: باينىڭ قىزى بولغىنىم ئۈچۈن قانچىلىك دەرد ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟... زادىم سائادەت ئىسىملىك بىر چىرايلىق قىزنى بۇلاپ كەلتۈردى. يەنە شۇ قىز ئۈچۈن ئامەت تۈلكىنى ئۆلتۈردى... مەن بۇلارنى، بۇ ئائىلە تىنىچسىزلىكنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەممۇ قارشىلىق قىلىشقا ئاجىز مەن، چۈنكى مەن تەنها، يار دەمچىسىز... گۈلبەكرەمنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش قۇيۇلدى...

— گۈلبەكرەم، سىزگە نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرسەم بولار... مەن سىزنى راستىنلا چۈشەنمەپتىمەن، سىزنىڭ مۇشۇنداق پاك، ئالىجاناپ قىز ئىكەنلىكىڭىزنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟... سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆلسەممۇ ئۇنۇتمايمەن،- مەن ئاددىلا قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپلا ماڭماقچى بولدۇم.

— يادىكار، مەن سىزگە يول باشلاپ ماڭاي. ماڭا ئەگىشىڭىز مېنى بىرگە ئېلىپ كېتىڭ، مەن ئاناڭغا يالغان ئېيتىپ پەقەت سىزنى دەپلا بۇ يەرگە كەلگەنىدىم، ھېلىمۇ ياخشى ئازراق كېچىككەن بولسام سىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدىكەنمەن... ئىككىمىز بۇ ئائىلە تىسىز يۇرتتىن يىراقلارغا كېتەيلى...

— گۈلبەكرەم، يالغۇز بىزنىڭ يۇرتىمىزدىلا ئەمەس، ھەممە يەردە مۇشۇ تەڭسىزلىك مەۋجۇت. مەن سىزنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن... قىز ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئايىغىرىدىغا يىقىلدى. مەن گۈلبەكرەمنىڭ ئەتىۋارلىق باي قىزىنىڭ توختاۋسىز تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ ئۆيىدىن چىقتىم. كېتىۋېتىپ ئۆز ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ ئالىجاناپ قىزغا مىننەتدارلىق تۇيسام يەنە بىر تەرەپتىن قىزغا ئىچىم ئاغرىيتتى، مەن ئازابلىق خىيال ئىلكىدە، كېچىدە تەمتىلەپ يۈرۈپ ئۆز يولۇمغا راۋان بولدۇم، يادىكار شۇلارنى سۆزلەپ بەرگىنىدە ئۇلار قاتتىق ھەيران بولدى، سائادەتنىڭ قەلبىدىمۇ يادىكارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان بۇ ئالىجاناپ قىزغا نىسبەتەن چىن يۈرىكىدىن مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى، ئۇلار بىردەم كۆز يۇمغاندىن كېيىن تاڭمۇ ئاتتى، ئۇلار ئەتىگەنلىك چايغا ئولتۇرغان چاغدا، سىرتتا ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۆمەرجان سىرتقا چىقىپ ھولۇققىنىچە كىرىپ كەلدى - دە:

— يىراقتىن بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ، سىلەر دەرھال ئۆزەڭلەرنى دالدىغا ئېلىڭلار، يادىكار تېز بول ئاداش، جېنىم چىقىپ كەتتىمۇ ئۇلارغا سىلەرنى تۇتقۇزۇپ بەرمەيمەن، دېگىنىچە پىچىقىنى غىلاپتىن ئالدى. يادىكارنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك ئالامەتلىرى يوقالدى، ئۇ دوستىغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— سائادەت تېز بولۇڭ، بىز يوشۇرۇنايلى، ئۇلار بىزنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن... بۇ ئۆيدىكى ئەسكى- تۈسكى ئۇششاق نەرسىلەر ئەتراپىدا يوشۇرۇنغۇدەك تۈزۈك يەرمۇ يوق ئىدى.

ئۇلار بىردەم تەمتىرەپ تۇرغاندىن

كېيىن، يادىكار سائادەتنى قازناق ئۆيدە-
كى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا سۇكتۇرۇپ ئۈس-
تىگە تاغارنى يېپىپ قويدى، شۇ چاغدا
سىرتتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ھايال
ئۆتمەيلا ئۆيگە بىر مۇنچە ئادەم باستۇرۇپ
كىردى. ئۇلار يادىكارنى كۆرۈپ:

— ھەي ئوغرى، ھاشارزادە. قاچقىنىڭ
ئاز كېلىپ، بايىنىڭ ئاغچىسىنى بۇلاپ
كەتتىڭمۇ مۇتىھەم! بىزنىڭ قاچىمىزنىڭ
ئادەم تونۇمايدىغانلىقىنى بىلىپ قويغىن،-
دېگىنىچە پاكار بويلۇق بىرى كىرىپ
يادىكارنى ئۇرۇۋەتتى، يادىكار قاۋۇل
يىگىت بولغاچقا تاياق زەربىسىگە چىداپ
تۇرۇپ، قازناق ئۆيگە ماڭغان ئۇچىنى
ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ قويدى، شۇ چاغدا
تۇيۇقسىز ئارقىسىدىن كەلگەن بىرى قول-
دىكى مىلتىقىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇنى
كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى، يادىكارنىڭ
بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇلار ئۇمەد-
جاننىمۇ يىقىتىپ قويۇشقان ئىدى. ھايال ئۆت-
مەيلا ئۇلار سائادەتنى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ
چىقتى، ئايغاقچىلاردىن بىرى سائادەتكە:

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان توڭ كور!
باينىڭ شاپائىتىنى يەرگە ئۇرۇپ بۇ قە-
لەندەرنىڭ ئارقىسىدىن يۈرەمسەن تېخى،-
دېگىنىچە قىزغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى،
سائادەت يەردە ھوشسىز ياتقان يادىكارنى
كۆرۈپ:

— يادىكار ··· يادىكار،- دېگىنىچە
ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ يىگىتنىڭ ئۈستىگە
تاشلاندى، بىراق يادىكار خۇددى ئۆلۈك-
تەك ياتاتتى، سائادەتنىڭ يۈرىكى بۇ
خورلۇقتىن ئېچىشىپ كەتتى.

چوقۇر يۈزلۈك بىرى سائادەتنىڭ بىلىكى-
دىن سۆرەپ تۇرۇپ:

— ماڭە، ئىززەتنى بىلمەيدىغان بە-
ئەم ··· دېگىنىچە بۇ ئىككى يىگىتنى يىقى-
تىپ ئۆلگەنگە چىقىرىپ قويۇپ سائادەتنى
ئېلىپ كېتىشتى. ھالىبۇكى بۇلار ئەمەت
بەگنىڭ ئادەملىرى بولماستىن مەخسۇت
بەگنىڭ ئادەملىرى ئىدى. شۇ كۈنى يادى-
كار سائادەتنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن
ئازاب ۋە نومۇس ئىچىدە قالغان ئەمەت
بەگ، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ غەزەپ-
تىن جان-پېنى چىقىپ كەتتى، بۇ چاغدا
لەتىپ بەگ ئىچىدە خۇددى گۆھەر تېپىۋال-
غاندەك خوش بولۇپ كەتكەن ئىدى، چۈنكى
ئۇ شۇ بىر قېتىملىق بەيگىدىلا سائادەتنى
يارىتىپ قالغان ئىدى، ئۇ شۇ سائەتتىلا
ئەمەت بەگكە ياردەملىشىپ سائادەتنى
تۇتۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان، بۇ گەپ-
نى ئاڭلىغان ئەمەت بەگ ۋە دادىسى مەخ-
سۇت بەگ لەتىپ بەگنىڭ كۆتۈلمىگەن
مەردانىلىقىدىن خوش بولۇپ ئۇنىڭغا
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ ياردىمى-
نى قوبۇل قىلغان ئىدى، لەتىپ بەگ ئەمەت
بەگكە ياردەملەشكەن باھانىدا سائادەتنى
ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولغان ئىدى، ئات
ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇرغان بەگ ئوغلى
لەتىپجان سائادەتنىڭ قاملاشقان زىلۋا
قامىتىگە ئاجايىپ قىزىقىش نەزىرى بى-
لەن ئۇزاق قارىدى، لەتىپجاننىڭ سائا-
دەتنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىنى ھېچكىم
بىلمەيتتى.

× ×

ئۇمىدجاننىڭ ئۆيىدە يىغلىغا يارىغىدەك
بىر نەرسىمۇ يوق ئىدى، بايىدىن يوشۇ-
رۇنچە باققان ئىككى قويىنىڭ بىرىنى دوس-
تىغا يېگۈزۈپ بولدى، بىرىنى سېتىپ دورا
سېتىۋالدى، ئۆيدە يېگۈدەك تۈزۈك بىر

نەرسە يوق، ئۇنىڭ بېشى قاتقان ھالدا، ئالدىدا غەدىكىن دولتۇرغان، بېشىنى ئاق داكا بىلەن تېڭىۋالغان يادىكارنىڭ دولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئەلەملىك كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

— يەنە بىر ھەپتىدە بېشىڭ ساقىيىپ كېتىدۇ، سا ئادەتنى شۇ چاغدا بىرلىكتە ئىزدەيلى، مەن ئۇنى شۇنچە سۇرۇشتۇردۇم، ئاڭلىشىمچە ئەمەت بەگنىڭ ئادەملىرى سا ئادەتنى ھازىرغىچە ئىزدەپ يۈرەرمىش، — دېدى.

— بولدى سۆزلىمىگىن، مەن ئۇنى چوقۇم تاپىمەن، مەن ئەمدى بۇ ئىشقا جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، — يادىكار غەزەپ بىلەن مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئەسەبىلەرچە ۋارقىراپ كەتتى.

— بولدى ئۆزەڭنى بېسىۋالغىن، ئالدى بىلەن ھۆرىيەت ئاچىنىڭكىگە بېرىپ، ئادىل ئاكا بىلەن ئىككىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالايلى... دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقتى. ئۇلار پىيادە غەدىكىن يول يۈرمەكتە، ئۇلار بىر يېرىم كۈن يول يۈرۈپ ئاخىرى ھۆرىيەتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئادەتتە ناھايىتى كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدىغان، كىشىلەرگە خۇشاللىق بېغىشلايدىغان ھۆرىيەتنىڭ بۇ قورۇسى، بۈگۈن ئېغىر مۇسيەتچىلىككە چۆمگەنىدى، ئۇلار قوروغا ئەمدىلا قەدەم بېسىشى بىلەن ئۆيدىن كۆزلىرى ياش بىلەن قىزىرىپ كەتكەن ھۆرىيەتنىڭ چوڭ ئوغلى مەردان چىقتى.

— مەردان ئۇكام، ئۆيدىكىلەر سالامەتمۇ؟ — تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى يادىكار. مەردان ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى لىڭشىتتى. كۆڭلى ئەنسىزچىلىككە چۆمگەن يادىكار ھۆرىيەتنىڭ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. ئىچكەركى ئۆينىڭ ئايۋىنىدا ھۆرىيەت تۇپتۈز ياتاتتى. ئۇنىڭ دائىم نۇر يېغىپ تۇرىدىغان گۈزەل چېھرىسى كۆز مەنزىرىسىگە ئوخشاش ۋاقىتسىز سارغايغان، قاپقارا كۆزلىرى ھەم يۇمۇلغانىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئون ئىككى ياشلىق ئوماق قىزى سارەم :

— ئانا، جېنىم ئانا، كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنا... دەپ ئانىسىنىڭ قانسىز تاتارغان لەۋلىرىگە، ئۆزىنىڭ سۇزۇك يۈزلىرىنى يېقىپ پەس ئاۋازدا توختىماي ياش تۆكەتتى، ئايالىنىڭ كېسەللىدىن ئازابلانغان ئادىل ئاكا ئىشىكتىن كىرگەن بۇ ئىككى يىگىتنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن ئۈن — تىنسىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ھۆرىيەتنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلدى — دە:

— ئۇ ھېلىدىن بېرى سا ئادەتنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئەمە نە ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى، كۆرۈشۈڭ يادىكار... دېدى.

يادىكار ئېڭىشىپ بوينىنى سوزۇپ:

— ھۆرىيەت ئاچا، قانداق تۇرۇۋاتىلا... مەن — مەن يادىكار، — دېدى.

ھۆرىيەتنىڭ يورۇقلۇق بىلەن خوشلىشىۋاتقان، ئاران مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سىماپتەك ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەم يۇمۇلغان، قانسىز تاتارغان لەۋلىرىنى تەسلىكتە قىمىرلىتىپ:

— يا... يادىكار ئىنىم سا ئادەت قېنى؟ ئۇنى نەگە يوشۇرۇپ... قويدىڭىز... ئۇ — ئۇنى سىزگە تاپشۇردۇم... دېدى. ئۇ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ھالىڭ بىر تەسلىكتە يادىكارغا ئاخىرقى ئەلۋىداسىنى دېدى — دە، كۆزى ئوچۇق قېتىپلا قالدى.

— سارەم بىلەن مەردان ئانا... ئانا...!!! دېگىنىچە ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ ئانىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئازا بىتىن ھېچنەرسىنى سەزمىگەن ئادىل ھۆردىيە تىكە ئىگىلىپ تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئارمان ئىچىدە ئوچۇق كېتىپ قالغان قارا كۆزلىرىنى ئاستا يېپىپ قويدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى يىغا زارە قاپلىدى.

ئادىل قارىنىڭ ھۆردىيەتىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئېغىر چىلىقلارغا زادىلا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇنىڭ سىڭلىسىنى بىر يىل ئىلگىرى نامەت تۇلكىنىڭ ئادەملىرى بۇلاپ كەتتى، مانا ئەمدى ھۆردىيەت يۈرەك سانجىقى بىلەن ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ رەھمەتلىك ئانىسىنى ئەسلىتىدىغان ئۇماق سىڭلىسى سائادەتنى يوقىتىپ قويۇپ قولى ئىشقا بارماي، يوقىلاڭ ئىشلارغا چېچىلىدىغان سەپرا مىجەز بولۇپ قالغانىدى، مانا ئەمدى ئەقىللىق ئايالى ھۆردىيەتىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھاياتقا بولغان ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي بىت - چىت قىلىۋەتتى.

ھۆردىيەتىنىڭ نامىزىغا كىرگەن دېھقانلارنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز كۆپ ئىدى. ناماززغا كىرگەن بىر ئايال كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ:

— ئاھ! بىز ئەمدى تۈگەشتۇق. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا خۇشاللىق بەخت ئەتكۈچى ھۆرلۈك يۇلتۇزى ئۆچتى... دېدى ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ. ئادىل، يادىكار... قاتارلىقلارنىڭ بوغۇزىغا كۆچلۈك ئازابىنى تىلى بىلەن ئىپادىلەش تولىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى ھىجران تاغلىرى بېسىپ يۈرىكىنى دەردلىك ھىجرانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس قارا قوللىرى بوغدى. ھەر قانداق تەسەللىمۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى ساقايتىشقا قادىر ئەمەس. تاۋۇت سەلدەك ئېقىپ كېتىپ بارغان قارىلىق ئادەملەر ئارىسىدا بىلىنمەس كۆرۈنەتتى. پۈتكۈل تەبىئەتمۇ ھۆردىيەتنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغاندەك شاۋقۇنسىز جىمجىت، دەرەخلەرمۇ ماتەم تۇتقاندەك بىر خىل مۇڭلۇق تۇراتتى.

يادىكار بىلەن ئۈمىدجان ئۇلارغا يار دەملىشىپ ھۆردىيەتنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ سائادەتنى تېپىش ئىرادىسى بىلەن يولغا چىقتى.

ئۇلار مىڭ بىر تەسلىكتە ئەمەت بەگنىڭ قورۇسى يېنىغا يېتىپ كەلدى. يادىكارنى مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۈمىدجان ساردىخان ئانا بىلەن قانداق قىلىپ كۆرۈشۈشنى ئويلىدى، ئاخىرى ئارقا ھويلىنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ساردىخاننى تاپتى، ئۇنىڭغا:

— ئانا سائادەت بۇ قورودىمۇ؟ - دەپ سورىدى.

— سىز كىم بولىسىز بالام؟... ئانا يال ئۈمىدجانغا سىنچىلاپ قارىدى.

— مەن يادىكارنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئۈمىدجان بولىمەن.

— ھە مۇنداق دەڭ ئوغلۇم، ھېلىقى كۈنى يادىكار سائادەتنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەمەت بەگ ماڭا كۆرمىگەن كۈننى كۆرسەتتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— ئانا كۆپ ئازار يەپلا، بىرنى كەچۈرسىلە، سائادەت ھازىر بۇ قورودا يوقمۇ؟ ساردىخان ئانا ئاستا دېگەن ئىشارىتىنى قىلىپ:

— يوق، سائادەتنى بۇيەرگە ئېلىپ كېلىشمىدى، ئەمەت بەگلەر ھازىر سائادەتنى يوشۇرۇن ئىزدەپ يۈرۈيدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى.

(داۋامى بار)















خۇشخەت تىلەرنى تۇرسۇن قۇربان يازغان.



# ئۆمەرشابەگ

## ( چۆچەك )

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن. ئۇزاق قەدىم زاماندا، يىراق شەرقىي تاماندا، قەدىم يىپەك يولىدا، ھازار تاغىنىڭ بويىدا، كاتتا بىر يۇرت بار ئىكەن، زېمىنى سەل تار ئىكەن. يۇرتىنىڭ ئۆزى ئاۋاتكەن، نان - ئوزۇقى ناۋاتكەن، مېۋىلىرى شېكەركەن، سۈيى ئابى - كەۋسەركەن، كۆڭگەي ياقتا بىر دەريا، شاۋقۇنلىنىپ ئاقاركەن، تەسكەي ياقتا ئېگىز تاغ بۇلۇتقا باش قوياركەن. ئاشۇ يۇرتتا ئۆمەرشاھ ناملىق بىر بەگ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ جىسمى پۈتۈنلەي مەكرى بىلەن پۈتكەنىكەن. پۇقرالارنى بوزەك قىلىپ ئالۋاڭ - سېلىق چاچاركەن، يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشتىن شاھقا مۇنچاق ئاساركەن. پوش - پوش بىلەن خوش- خوشنىڭ، ھەممىنى بىلەرىكەن، پۇقرالارغا پوش - پوشنى، خوشنى شاھقا بېرەركەن. ئۇ يۇرت سورىغان چاغلاردا، يانتاق ئۈنۈپ باغلاردا، قوي - كالىلار ئورنىغا قاۋان ھۇۋلاپ تاغلاردا ئالەم كەڭ ئىكەن، زامان تار، ئىتلار كا ئىكەن، پۇقرا خار، يېتىم - يېسىر، قېرىدلار قاخشايدىكەن زارۇ - زار.

ئۇ زاماندا كۆپ ئىكەن، جەڭگە - جىدەل يېغىلىق، ئۇنى ئاز دەپ چۈشۈرگەن، ئالۋاڭ - ياساق، باج - سېلىق، شۇ ۋەجىدىن شاھلارنىڭ ئوردا - تەختى راۋانلىرى، ۋەزىرلەر ھەم بايلارنىڭ، تاغدىكى مال - ۋارانلىرى ھەتتاكى تۇل خوتۇنىنىڭ سۇنۇق تەڭگە - قازانلىرىغىچە خاتىرجەملىك نېسىپ بولمايدىكەن. ئايىغى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىۋاتقان يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن پادىشاھلار كۈندە بىر قېتىم دېگۈدەك ئالمىشىپ تۇرغاچقا كەمبەغەللەر ھاشادىن، قويلار قاشادىن زار بولسا، بايلار پادىشاھدىن زارى-

كەن. چۈنكى، ھەر قېتىم پادىشاھ ئالماشقاندا يېڭى شاھقا ساداقەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن
غەلۋىرلەپ تىللا، تايلاپ تەڭلا، قوتا تلاپ مال-مولاپ تال سوۋغا قىلمىسا، پۈتۈن دەپنە
دۇنياسىدىن ئايرىلىپ سىر دۋالغان ئۈچەيدەك بولۇپ قېلىشىدىكەن. شۇڭا ئۇلار نىلق ئە
چى ئۆرتەپ يىگەننى چىرايىغا تەپمەيدىكەن.

مەيلى قانداقلا پادىشاھ ئالماشسۇن ئىمىرشاھ بەگكە ھېچقانداق مالامەت يەت
مەيدىكەن. ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ زور ئاتاقا ئىگە بولۇپ كېتىدىكەن.

ئۇ، ھەر قېتىم پادىشاھ بۇ يۇرتقا ئامبال ئەۋەتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلى
غىنىدا، يېڭى كەلگەن ئامبالنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستى تۆشۈكمىكەن؟ - دەپ سورايدىكەن.

— ھەئە، تۆشۈككەن، - دېگەن كەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەيدىسىگە مۇشلاپ تۇرۇپ:

— ئۇنداقلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كېلىشىپ قالىدىكەنمىز، - دەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپ ئاي پۈتۈپ، ئايلاردىن ھەم يىل پۈتۈپ، يىللار ئەسىرنى كۈتۈپ،
بىر چاغلاردا يېگىندىن تەختىكە چىققان پادىشاھ بۇ يۇرتقا بىر ئامبال ئەۋەتىپتۇكى —
ئۇنىڭ ئۆزى كېلىشتىن بۇرۇن داڭقى پۈتۈن يۇرتقا پۇر كېتىپتۇ. ئۇ ئادىللىقتا نۇشىـ
رۋاندىن، سېخىيلىقتا ھاتەمدىن قېلىشمايدىغان، خەخنىڭ رىسقىنى ھارام دەيدىغان،
يېتىمنىڭ بېشىنى سىلايدىغان، پۇقرانى قاخشاتقاننى دارغا ئاسىدىغان، خوشامەت قىلـ
غاننى يارغا باسىدىغان، بېشىنى تىلىدىن كەتكۈزمەيدىغان، يۈزىنى كالىدىن چۈشۈرمەيـ
دىغان، ئۆزىگە چاڭ يۇقتۇرمايدىغان، تېمىغا قاقسۇ قتۇرمايدىغان، شۇنداق ئامبال ئىمىشـ
كى، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈلمەستىن تۇرۇپ ھەيۋىسىدىن پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ كېتىپتۇ.
ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققان بايلار ئىمىرشاھ بەگنىڭ ئۆيىگە مەسلىھەتكە كېلىشىپتۇ.

بايلارنىڭ ئاغزىدىن ئامبالنىڭ ھەيۋىسىنى ئاڭلىغان تۆمۈرشاھ بەگ ئادىتى بويىچە:

— ئېھخالا يىق، يېڭى كەلگەن ئامبالنىڭمۇ بۇرنىنىڭ ئاستى تۆشۈكمىكەن، - دەپ سوراپتۇ.

— ئىلاھىم ئەلبەتتە شۇنداقتۇ، - دېيىشىپتۇ بايلار. ئىمىرشاھ بەگ: ئىشۇنداق
بولسا بۇ ئامبال بىلەن ئۇ كېلىشىپ ئالغۇدەكمىز، - دەپ بىخەرامان ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ
بىخەرامان ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن بايلار قايتا زۇۋان سۈرمەي تارقىشىپتۇ.

ئىمىرشاھ بەگنىڭ ئىنتايىن ئىشەنچلىك بىر مالىيى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ مالىيىنى
ئالدىغا چاقىرتىپتۇ - دە:

— ئاڭلىسام يۇرتىمىزغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئامبال ئۆتەڭگە كەپتۇ. ئۇ يەردە
ئىككى-ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، ئاتلىرىغا يەم ئېلىپ، ئاندىن يولغا چىقىمىش، ئۇ دۆلشە ھەركە
چۈشىمىش، سەن كېچىلەپ يولغا چىقىپ ئېشىكىڭنى بولۇشىغا چاپىپ، بۇ ئىككى تاۋۇزنى خورجۇنغا
تىقىپ، ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە بېسىپ، ئۇچا نابىنىڭ ئالدىغا بار. ئامەتسا گا بولسۇن
يار، دەرۋازىنى ساقلاۋاتقان ياساۋۇلغا بۇ بىر تاۋۇزنى بەر، ئۇسسۇغىنىدا ھوزۇر كىلىپ
يەر، تەمىنى تېتىپ ساڭا رەھمەت دەر، شۇ چاغدا زۇۋانىڭنى ئاچ، زۇۋانىڭدىن شېكەر
شەربەت چاچ، بۇ تاۋۇزنى ئامبالنىڭ دېگىن، كۆرۈشۈشكە رۇخسەت سورىغىن. ئاگاھ بول
غىن تاۋۇزلار ئالماشمىسۇن. تىلىڭ گاچا، بېشىڭ قاپقلاشمىسۇن، ئۇچا نابىنىڭ ئالدىدا
سالام بېجا كەلتۈرگىن. بىگىم ھاردۇق سوراشقا ئەۋەتتى دېگىن. ئامبال سېنىڭ ئالدىڭ
دا تاۋۇزنى يېسۇن، ئۇنىڭ تاۋۇز يېگىنىنى كۆزۈڭ كۆرسۇن، - دەپ يولغا سالپتۇ. مالاي
خورجۇننى ئېشەككە ئارتىپ، قوشىقىنى چىڭ تارتىپ، سوكۇلدىسا
چاپتۇرۇپ، تاغ - داۋانلار ئاشۇرۇپ، بەلگىلەنگەن مۇددەتتى[illegible]
[illegible]خەير دېلىك سائەتتە ئۆتەڭگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا قوش قانات تىلىسى دەرۋازا، ئەز[illegible]

ھاسۇرەتلىك قۇلپا ئاسقان، تاملىرى سىپىل، يوللىرى تېشىدىن ھەيۋەتلىك بىر دەڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قولىدا ئاپپاق لاتا تۇتقان، كەمەرىگە خەنجەر ئاسقان، يارىمەغان كۆتەكتەك، كۆندۈرمىگەن خۇتەكتەك بىر ياساۋۇل تۇرغان.

مالاينىڭ ئۆزىگە قاراپ ئەپ تارتماي كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن ياساۋۇل:

— توختا! نېمە ئادەمسەن، قەيەردىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن ئەلچى، جانابى ئالىيلىرىدىن ھال سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ مالاي.

— ئامبال ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدۇ. كەينىڭگە يان، — دەپتۇ ياساۋۇل.

ياساۋۇلنىڭ ئەلپازىنىڭ ياماقلىقىنى كۆرگەن مالاي ئىمىرشاھبەگنىڭ تاپىلمىسى بويىچە ئېشىكنى دەرەخكە باغلاپتۇ — دە، ياساۋۇلغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن تاۋۇزنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ توققۇز تازىم بىلەن ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ:

— غوجام، بۇ تاۋۇزنى بېگىم ئۆزلىرىگە ئەڭ كۆڭۈلۈك يەردىن ئەۋەتتى، ئامبال بېگىمگىمۇ تاۋۇز ئېلىپ كەلگەنمەن.

تاۋۇزنى كۆرگەن ياساۋۇلنىڭ بىردىنلا كۆڭلى قەلبى ئېچىلىپ بايىقى ھەيۋىسىدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالماپتۇ — دە، «سەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر»، دېگىنىچە تاۋۇزنى قولتۇقلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە ھايال بولماي يالا چىقىپ: ئامبال كىرسۇن دەيدۇ، — دەپتۇ. مالاينىڭ خۇشلۇقتىن ئاغزى قۇلىقىغا، چاپىنىنىڭ پېشى تۈۋىقىغا يېتىپ يەنە بىر تاۋۇزنى بېشىدا كۆتۈرگىنىچە ئادەپ بىلەن ئۆيگە كىرىپتۇ. بوسۇغىدىن پۇتىنى ئالماي تۇرۇپ يەر سۆيۈپ تەزىم قىلغىنىچە ئامبالنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئايىغىغا باش قويۇپ، قوللىرىنى سۆيۈپتۇ. ئاندىن كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ چىرايلىق سۆزلەردىن تەسۋى تىزىپ، بۇ تاۋۇزنى ئىمىرشاھ بېگىم ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن ئىدى، — دەپ تاۋۇزنى شىرە ئۈستىگە قويۇپتۇ.

— رەھمەت، بېگىڭگە مەندىن سالام ئېيتىپ قوي، — دەپتۇ ئامبال ۋە تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشقا مېڭىپتۇ.

— جانابى ھەزرەتلىرى، — دەپتۇ مالاي يەرگە تىزلىنىپ تۇرۇپ، — بېگىم ئامبالنىڭ تاۋۇزنى يېگىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ كەل، دېگەن ئىدى، — مالاينىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ئامبال تاۋۇزنى شىرەگە قويۇپ بېلىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ تاۋۇزغا شۇنداق ئۇرغان ئىكەن، جىرىڭلاپ تۇرغان ئالتۇن — كۈمۈشلەر شىرەگە قۇيۇلۇپتۇ.

كۆز ئالدىدىكى بۇ كارامەتنى كۆرگەن ئامبالنىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ، ئاۋازلىرى خىرقىراپ كېتىپتۇ — دە:

— سىلەرنىڭ يۇرتتا بۇنداق تاۋۇز چىقامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ناھايىتى جىق، — دەپتۇ مالاي قوللۇق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا غوجاڭغا دەپ قوي. مەن بارغۇچە بۇنداق تاۋۇزلاردىن جىقراق يىغىپ قويسۇن، — دەپتۇ — دە، مالاينى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۈچ — تۆت كۈندىن كېيىن ئامبال بۇ يۇرتقا كەپتۇ. يۇرت خەلقى يۇرتنىڭ بېشىدىن ئامبال ياملىغىچە يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىپ تۇرۇشۇپتۇ. يۇرت كاتتىلىرى ئېسىل تونلىرىنى كىيىشىپ، ئەتىما قىلارغا مىنىشىپ، سوۋغا — سالاملارنى ئېلىشىپ يۇرتقا كىرىش ئېغىزىدا ئامبالنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ئامبال يۇرتقا كىرىش بىلەن ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ يەر سۆيۈۋاتقان يۇرت كاتتىلىرى بىلەن ئىشى بولماستىن، ھەتتا ئامبال ياملىغىمۇ كىرمەستىن ۋە ... پىسىنى ئوڭدۇل ئىمىرشاھبەگنىڭ ئۆيىگە ھەيدەپتۇ.

تۇرغاچ تۇرپان، قايتىدىن ئىشلىگۈچى: لەتىپ رازىق



...وزنۆك بەزا. دوزدۆك
...ارۇقچىلىق كەنتىدىن
...قېزىلغان مەلادىدىن
ئىلگىرىكى
...ئۈزۈملۈكلەر قەۋرىستانلىقىدىن
...چىققان تۆپ جەسەت ۋە
...ئاددىي بۇيۇملار



دوزدۆك كەنتىدىكى يۇقىرىقى
قەۋرە قېزىلغان جاينىڭ
ئومۇمىي كۆرۈنۈشى



مۇقاۋىنىڭ | ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بەتلەردىكى رەسىملەرنى زىگشەنچۈن تارتقان



«سۆيگۈ»

لىيۇتەنشۇن فوتوسى


ئاقسۇ ئەدەبىياتى

**阿 克 苏 文 艺**

---

تۈزگۈچى: «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

编辑：《阿克苏文艺》编辑部

نەشر قىلغۇچى: ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمە

مەدەنىيەت باشقارمىسى

出版：阿克苏行署文化处

ەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

印刷：喀什日报印刷

ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

发行：喀什地区邮

را ويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار

رى قوبۇل قىلىدۇ

订阅：各地邮电局

فو 7 · 1/16، 1092 × تاۋاق

国内统一刊号 CN ）/ I

CN 65—1080/ 1 : نومۇرى

باھاسى 0.40 يۈەن 58—

代号：58— 47号

---

راۋۇتىدا بېسىلدى

封面印刷：